# تاللانغان سەھىھ ھەدىسلەر



## يادلاشقا قۇلاي ئىخچام

# 300 ھەدىس

# كىرىش سۆز

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن. دۇئا ۋە دۇرۇت ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە بولسۇن.

سەھىھ ھەدىس مۇبارەك قۇرئان كەرىمدىن قالسىلا ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى مەنبەئىدۇر. بۇ نوقتىدىن سەھىھ ھەدىسمۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاشلا ۋەھيىدۇر. سەھىھ ھەدىس قۇرئانغا ئوخشاش تىلاۋىتى ئارقىلىق ئىبادەت قىلىنمايدىغانلىقىنى (يەنى ھەدىسنى ئوقۇپ قۇرئان ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشىلىدىغان ساۋاپقا ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى) ھېساپقا ئالمىغاندا قۇرئاندىن پەرقسىزدۇر. شۇ سەۋەپتىن ھەدىسكە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۆگىنىش، يەتكۈزۈش قۇرئان كەرىمگە كۆڭۈل بۆلگەندەكلا ئۇلۇغ ۋە مۇھىمدۇر. ناماز، زاكات، رامىزان ۋە ھەجدىن ئىبارەت ئىسلام ئەركانلىرى قۇرئاندا بۇيرۇلۇپ تىلغا ئېلىنغان بولسا، نامازنىڭ نەچچە ۋاقىت ۋە قانچە رەكئەتلىكىدىن تارتىپ ئايرىم ۋاقىتلىرىغىچە، رامىزاندا روزا تۇتۇش،

سۈھۈرلۈق ۋە ئېپتارغىچە ، زاكاتنىڭ نىسابى ۋە زاكات بېرىلىدىغان مالنىڭ مىقدارىدىن تۇرىگىچە ، ھەج پائالىيىتىنىڭ تەپسىلاتىغا قەدەر ھەممىسى ھەدىستە بىرمۇ ـ بىر ، ئەمەلى ۋە تەپسىلى بايان قىلىنغاندۇر . ھەدىسنىڭ مۇھىملىقى ۋە ۋەھيى ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە ھەم ئىشارەت قىلىنغان .

قولىڭىزدىكى بۇ «يادلاشقا قولاي ئىخچام **300** ھەدىس» ئىنتېرنېت سەھىپىسىدىكى بىر دەئۋەت گورۇپپىسىنىڭ مەخسۇس سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھۇلمۇسلىم دىن توپلاپ ئېلان قىلغان دەۋەت ئوقۇشلۇقى بولۇپ ، بۇ ئوقۇشلۇقتا «مۇتتەفەقۇن ئەلەيھ» «ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم تەرىپىدىن سەھىھ ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كېلىنگەن» ھەدىسلەر خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ . (كىتاۋىمىزدا بەزى ھەدىس كىتاپلىرىدا «بىرلىككە كەلگەن ھەدىس» دەپ ئېلىنغان تەرجىمىدىن ئەرەپچە ئەسلىگە تېخىمۇ يېقىن بولسۇن ، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن سەھىھ ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس دەپ بىلىنسۇن دېگەن مەقسەتتە «بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس» دەپ ئېلىندى .) قالغانلىرى بۇخارى ۋە مۇسلىم ئايرىم ـ ئايرىم رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەردۇر . ھەدىسلەر ئومۇمەن ئىخچام ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا مۇھىم بولغان مەسىلىلەرگە ئائىت بولۇپ ، يادلاش ۋە دەۋەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ ئۈسمۈرلەرنىڭ

ياخشى بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. ئەرەپچە ئەسلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش ۋە يادلاشقا قولاي بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەدىسنىڭ ئىبراپلىق (زىر ـ زەبەرلىك) ئەرەپچىسى ئۈستىدە، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئاستىدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنداقلا، ئەدەبىيلىككە ئەھمىيەت بېرىلىپ ئەسلى تېكىستتىن چەتنەپ كەتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ تەييارلاندى. بەزى سۆزلەرگە ھەدىس ئارىسىدا تىرناق ئىچىدە ئىزاھاتلار بېرىلگەن بولسا، زۆرۈر دەپ قارالغان بەزى مەسىلە ۋە سۆزلەرگە بەت ئاستىدا شارائىتقا يارىشا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلدى. ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ قىلمىشى خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەردىن خالى بولماسلىقى مۇمكىن. تەرجىمە ۋە ئىزاھاتلار جەريانىدا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەر ئۆز نەپسىمدىن ۋە شەيتاندىندۇر. توغرا ۋە ھەق بولغىنى ئاللاھتىندۇر. ئاللاھتىن بارلىق ئەمەللىرىمىزنى خالىس ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان بولۇشىنى، ئەمەللىرىمىزنى قىيامەت كۈندە مەنپەئەت بېرىدىغان ئەمەللەردىن قىلىشىنى، بۇ كىتاپنىڭ تەييارلىنىپ چىقىرىلىشىغا ھەر قايسى جەھەتلەردىن ياردەمدە بولغان قېرىنداشلارنى ئاللاھنىڭ ھەمىشە دىن خىزمىتىگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى، سىراتۇلمۇستەقىم ئۈستىدە دائىم قىلىشىنى تىلەيمىز. باشتىن ئاخىر بارلىق ھەمدىلەر ئاللاھقا خاستۇر.

مۇھەممەد جانبازى

2017 ـ يىل 7 ـ ئاي

# بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ

1. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَلِمَتَانِ خَفِيفَتَانِ عَلَى اللِّسَانِ ثَقِيلَتَانِ فِي الْمِيزَانِ حَبِيبَتَانِ إِلَى الرَّحْمَنِ سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ سُبْحَانَ اللَّهِ الْعَظِيمِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلغا يېنىك، (قىيامەتتە) تارازىدا ئېغىر توختايدىغان، ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئىككى كەلىمە بار. (ئۇ بولسىمۇ) «سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ سُبْحَانَ اللَّهِ الْعَظِيمِ» «ئاللاھنى ئەيىب نۇقسانلاردىن پاك دەپ ياد قىلىمەن ۋە ھەمدە ئېيتىمەن. بۈيۈك ئاللاھنى ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن پاكلايمەن» (دېگەن كەلىمە) دۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

2. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللَّه صلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ مَنْ أَحَقُّ النَّاسِ بِحُسْنِ صَحَابَتِي قَالَ أُمُّكَ قَالَ ثُمَّ مَنْ قَالَ ثُمَّ أُمُّكَ قَالَ ثُمَّ مَنْ قَالَ ثُمَّ أُمُّكَ قَالَ ثُمَّ مَنْ قَالَ ثُمَّ أَبُوكَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا

كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مېنىڭ ياخشى ھەمراھ بولۇشۇمغا ئەڭ ھەقلىق ئادەم كىم؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئاناڭ دېدى. ئۇ ئادەم ئاندىن كىم؟ دېۋىدى. رەسۇلۇللاھ ئاناڭ دېدى. ئاندىن كىم؟ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ ئاناڭ دېدى. ئاندىن كىم؟ دېۋىدى رەسۇلۇللاھ ئاندىن ئاتاڭ دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

3. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِيَّاكُمْ وَالظَّنَّ فَإِنَّ الظَّنَّ أَكْذَبُ الْحَدِيثِ وَلَا تَحَسَّسُوا وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا تَحَاسَدُوا وَلَا تَدَابَرُوا وَلَا تَبَاغَضُوا وَكُونُوا عِبَادَ اللَّهِ إِخْوَانًا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: (يامان) گۇمانلىنىشتىن ساقلىنىڭلار. گۇمان سۆزلەرنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر. تىڭ - تىڭچىلىق قىلماڭلار. جاسۇسلۇق قىلماڭلار. ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار. ئاداۋەت تۇتۇشماڭلار. ئۆچەكەشمەڭلار. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى قېرىنداش بولۇڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

4. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ الْعَبْدَ لَيَتَكَلَّمُ بِالْكَلِمَةِ مَا يَتَبَيَّنُ فِيهَا يَزِلُّ بِهَا فِي

**النَّارِ أَبْعَدَ مِمَّا بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ**

ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر بەندە تۇزۇك ئويلاشماستىنلا بىر كەلىمە سۆز سۆزلەيدۇ. شۇنى سۆزلىگەنلىكى بىلەن دوزاخقا شەرق ۋە غەرب ئارىسىچىلىك ئۇزۇن مۇساپىدىكى چوڭقۇرلۇققا تېيىلىپ (چۈشۈپ) كېتىدۇ.[1]

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**5. عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ إِنَّ اللَّهَ يَغَارُ وَغَيْرَةُ اللَّهِ أَنْ يَأْتِيَ الْمُؤْمِنُ مَا حَرَّمَ اللَّهُ**

ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ كۈنلەيدۇ. ئاللاھنىڭ كۈنلىشى مۆئمىن بەندىنىڭ ئاللاھ هارام قىلغان ئىشنى قىلغان بولۇشىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**6. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ قَامَ رَمَضَانَ إِيمَانًا وَاحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ**

---

[1]. زور كۆپچىلىك ئىلىم ئەھلى بۇ سۆزنى سىياسىيۇنلارنىڭ هوزۇرىدىكى ئۇلارغا خۇشامەت قىلىش، مەئسىيەتلىرىنى ئاقلاش تۈرىدىكى سۆز دەپ ئىزاھلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ سۆز يەنە بەزىلەرنىڭ مەمەدانلىق بىلەن دىننى مەسخىرە قىلىش تۈسىدىكى مەسىلەن: «ئاللاھ بەرسە رەسۇلۇللاھ غىلىڭ قىلالماپتۇ» شۇنداقلا سۈننەتنى مۇئەككىدە ھىساپلىنىدىغان ساقالنى «ساقال دېگەن تۈك» دېگەندەك سۆزلىرىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ سۆزمەنلىك قىلدىم دەپ مەمەدانلىق قىلىپ دوزىخى بولۇپ كېتىشتىن ساقلىسۇن.

ذَنْبِهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى (رامىزان تۇتۇپ) رامىزان كېچىسىدە ئاللاھقا ئىشەنگەن ۋە ئاللاھتىن ئەجر تەلەپ قىلغان ھالدا كېچىلىك نامازغا تۇرۇپ ئىبادەت قىلسا ، بۇ ئادەمنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ . (بۇنىڭدىن ئەسلى ئىمانى يوقلار ۋە ياكى كېچىدە ئىبادەت قىلىپ ئەجىر ئېلىش نىيىتى يوق خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن تۇرغانلارنىڭ بۇ قاتاردا بولالمايدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ . )

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

7. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الْعُمْرَةُ إِلَى الْعُمْرَةِ كَفَّارَةٌ لِمَا بَيْنَهُمَا وَالْحَجُّ الْمَبْرُورُ لَيْسَ لَهُ جَزَاءٌ إِلَّا الْجَنَّةُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆمرە ھەج يەنە بىر قېتىم قىلىنغان ئۆمرە ھەجگىچە ئارىسىدىكى گۇناھلارغا كاپارەتتۇر . (سۈننەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە) ئوبدان قىلىنغان ھەجنىڭ جەننەتتىن باشقا مۇكاپاتى يوقتۇر .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

8. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ عَلَيْهِ السَّلَامُ قَالَ

التَّثَاؤُبُ مِنَ الشَّيْطَانِ فَإِذَا تَثَاءَبَ أَحَدُكُمْ فَلْيَرُدَّهُ مَا اسْتَطَاعَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسنەك شەيتاندىندۇر. ئەگەر بىرىڭلارنى ئەسنەك تۇتسا، ئەسنەكنى ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە توسسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

9. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ السَّاعِي عَلَى الْأَرْمَلَةِ وَالْمِسْكِينِ كَالْمُجَاهِدِ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَأَحْسِبُهُ قَالَ يَشُكُّ الْقَعْنَبِيُّ كَالْقَائِمِ لَا يَفْتُرُ وَكَالصَّائِمِ لَا يُفْطِرُ

ئەبي ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇل خوتۇن ۋە بىچارىلەرنىڭ خىزمىتىدە تىرىشىپ ھەرىكەت قىلغان ئادەم ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر. (ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىر بولغان) قەئنەبى مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ يەنە: "بۇ ئادەم كېچىسى قوپۇپ ھارماي-تالماي ئىبادەت قىلغۇچى، ئۆكسۇتۇپ قويماي رامزان تۇتقۇچىغا ئوخشاش بولىدۇ" دېدىغۇ دەپ ئويلايمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

10. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ

قَالَ مَا يُصِيبُ الْمُسْلِمَ مِنْ نَصَبٍ وَلَا وَصَبٍ وَلَا هَمٍّ وَلَا حُزْنٍ وَلَا أَذًى وَلَا غَمٍّ حَتَّى الشَّوْكَةِ يُشَاكُهَا إِلَّا كَفَّرَ اللَّهُ بِهَا مِنْ خَطَايَاهُ

ئەبى ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق جاپا، مۇشەققەت، قايغۇ، تەشۋىش، ئەزىيەت، غەم ـ ھەتتا پۇتىغا كىرگەن تىكەنگە قەدەر ـ ئىشلارنى ئاللاھ بۇ بەندىنىڭ خاتالىقلىرى ئۈچۈن كەپپارەت قىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

11. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ حَقُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ خَمْسٌ رَدُّ السَّلَامِ وَعِيَادَةُ الْمَرِيضِ وَاتِّبَاعُ الْجَنَائِزِ وَإِجَابَةُ الدَّعْوَةِ وَتَشْمِيتُ الْعَاطِسِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدە سالامىنى ئىلىك ئېلىش، كېسەل بولسا يوقلاش، (ئۆلسە يەرلىككە قويۇپ بولغانغا قەدەر) جىنازىسىغا ئەگىشىش، تەكلىپ قىلسا بېرىش، چۈشكۈرگۈچىگە (ئەلھەمدۇلىللاھ دېسە، ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن دەپ) جاۋاب بېرىشتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك ھەق باردۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

12. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ شَهِدَ الْجَنَازَةَ حَتَّى يُصَلَّى فَلَهُ قِيرَاطٌ وَمَنْ شَهِدَ حَتَّى تُدْفَنَ كَانَ لَهُ قِيرَاطَانِ قِيلَ وَمَا الْقِيرَاطَانِ قَالَ مِثْلُ الْجَبَلَيْنِ الْعَظِيمَيْنِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "جىنازا نامىزى ئوقۇلغانغا قەدەر جىنازىغا ھازىر بولغان ئادەم بىر قىيرات ئەجىر ئالىدۇ. ئۇ جىنازىغا دەپنە قىلىنغانغا قەدەر ھازىر بولغان ئادەم ئىككى قىيرات ئەجىر ئالىدۇ" دېدى. بىر ئادەم: ئىككى قىيرات دېگەن نىمە؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "ئىككى قىيرات چوڭ ئىككى تاغدەك كېلىدۇ" دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

13. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ مَا عَابَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ طَعَامًا قَطُّ إِنْ اشْتَهَاهُ أَكَلَهُ وَإِنْ كَرِهَهُ تَرَكَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچقانداق بىر تاماققا ئەسلا ئەيىپ قويغان ئەمەس. كۆڭلى تارتسا يەيتتى. كۆڭلى تارتمىسا قويۇپ قوياتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

14. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ حُجِبَتْ النَّارُ بِالشَّهَوَاتِ وَحُجِبَتِ الْجَنَّةُ بِالْمَكَارِهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوزاخ (كۆڭۈل خالايدىغان) شەھۋەتلەر بىلەن ئورالغاندۇر. جەننەت بولسا (كۆڭۈل خالىمايدىغان) قىيىن ئىشلار بىلەن ئورالغاندۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

15. عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا قُلْتَ لِصَاحِبِكَ يَوْمَ الْجُمُعَةِ أَنْصِتْ وَالْإِمَامُ يَخْطُبُ فَقَدْ لَغَوْتَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن جۇمە كۈنىدە ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان چاغدا، يېنىڭدىكى كىشىگە: جىم تۇر! دېسەڭ (شۇ جۇمەدە ئېرىشىدىغان ساۋابىڭنى بەربات قىلىدىغان) لەغۋە (بىھۇدە گەپ) قىلغان بولىسەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

16 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْلَا أَنْ أَشُقَّ عَلَى أُمَّتِي أَوْ عَلَى النَّاسِ لَأَمَرْتُهُمْ بِالسِّوَاكِ عِنْدَ كُلِّ صَلَاةٍ

ئەبــى هــۇرەيرە رەزىيەللاهــۇ ئەنهۇنــڭ هەدىســى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېــگەن: ئەگەر مەن ئــۇممىتىمگە قىيىنچىلىــق تۇغــدۇرۇپ قويغــان بولــۇپ قېلىشىمنى دىمىســەم، ئــۇلارنى هەر بىــر نامــاز ۋاقتىــدا مىسۋاك قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم.

بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس.

**17 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ اَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ وَيْلٌ لِلْأَعْقَابِ مِنْ النَّارِ**

ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ هەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (تاهارەتتە چالا يۇيۇلغان) تاپانلارغا (تاپان ئىگىلىرىنىڭ هالىغا) دوزاختىن ۋاي!.

بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس.

**18 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَمَا يَخْشَى الَّذِي يَرْفَعُ رَأْسَهُ قَبْلَ الْإِمَامِ أَنْ يُحَوِّلَ اللَّهُ رَأْسَهُ رَأْسَ حِمَارٍ**

ئەبــى هــــۇرەيرە رەزىيەللاهــــۇ ئەنهۇنــــڭ هەدىســــى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيهــى ۋەســەللەم مۇنــداق دېــگەن: (نامــازدا ســەجدە ۋە رۇكــۇدىن) بېشــىنى ئىمامــدىن بالــدۇر كۆتىرىۋالغــان ئــادەم ئــاللاھ تائالانىــڭ ئۇنىــڭ بېشــىنى

ئىشـــــەكنىڭ بېشـــــىغا ئايلانـــــدۇرۇپ قويۇشـــــىدىن قورىقمامدىغاندۇ؟!.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

19 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ غَدَا إِلَى الْمَسْجِدِ وَرَاحَ أَعَدَّ اللَّهُ لَهُ نُزُلَهُ مِنَ الْجَنَّةِ كُلَّمَا غَدَا أَوْ رَاحَ

ئەبـى ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ ھەدىسـى، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئەتىگەندە ۋە كەچتە مەسجىدكە بارسا، ئاللاھ ئۇ ئادەمنىـڭ ھەر قېتىم بارغـان كەلگىنىگە جەننەتتە ئۇنىڭ ئۇچۇن زىياپەتنى تەييارلاپ قويىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

20 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلَاثٌ إِذَا حَدَّثَ كَذَبَ وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ وَإِذَا اؤْتُمِنَ خَانَ

ئەبى ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ ھەدىسـى، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇناپىقنىڭ ئـالامىتى ئۈچتۇر: سۆز قىلسا يالغان سۆزلەيدۇ. ۋەدە قىلغان بولسا ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ. ئامانەت قويۇلغان بولسا ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

21 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَا أَسْفَلَ مِنَ الْكَعْبَيْنِ مِنَ الْإِزَارِ فَفِي النَّارِ

ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىشتانىنىڭ ئىككى ھوشۇقتىن تۆۋەن بولغان قىسمى دوزاختىدۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

22. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الْمَلَائِكَةُ تُصَلِّي عَلَى أَحَدِكُمْ مَا دَامَ فِي مُصَلَّاهُ الَّذِي صَلَّى فِيهِ مَا لَمْ يُحْدِثْ تَقُولُ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ اللَّهُمَّ ارْحَمْهُ

ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتە سىلەرنىڭ بىرىڭلار ناماز ئوقۇغان جايىدىلا ئولتۇرغان، تاھارەت سۇندۇرمىغانلا بولسا: «اللَّهُمَّ اغْفِرْ لَهُ اللَّهُمَّ ارْحَمْهُ» «ئى ئاللاھ ئۇ (نىڭ گۇناھى) نى مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن» دەپ ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەپ تۇرىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

23. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ كُلُّ أُمَّتِي يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ إِلَّا مَنْ أَبَى قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ وَمَنْ يَأْبَى قَالَ مَنْ أَطَاعَنِي دَخَلَ الْجَنَّةَ وَمَنْ عَصَانِي فَقَدْ أَبَى

ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: باش تارتقانلاردىن باشقا ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ ـ دېدى. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، باش تارتقان كىشى كىم؟ دېيىشكەنلىرىدە، رەسۇلۇللاھ: ماڭا ئىتائەت قىلغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ. ماڭا ئاسىي بولغان ئادەم باش تارتقان بولىدۇ ـ دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**24. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا قَالَ الرَّجُلُ لِأَخِيهِ يَا كَافِرُ فَقَدْ بَاءَ بِهِ أَحَدُهُمَا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا "ئى كاپىر" دېسە، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى (كىچىك) كۇپرىغا دۇچار بولىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**25. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَلَّهُ أَشَدُّ فَرَحًا بِتَوْبَةِ أَحَدِكُمْ مِنْ أَحَدِكُمْ بِضَالَّتِهِ إِذَا وَجَدَهَا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە ئاللاھ سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ تەۋبە قىلىشى

بــــلەن، بىرىگەلارنىـــڭ يوقتىـــپ قويغـــان (قىممەتلىــك) بىرنەرسىســــنى (قايتـــا) تېپىۋالغـــان ۋاقتىــــدا خۇشـــال بولغىنىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**26. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَاتَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ حَتَّى تُؤْمِنُوا وَلَا تُؤْمِنُوا حَتَّى تَحَابُّوا أَوَلَا أَدُلُّكُمْ عَلَى شَيْءٍ إِذَا فَعَلْتُمُوهُ تَحَابَبْتُمْ أَفْشُوا السَّلَامَ بَيْنَكُمْ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــڭ ھەدىســى، پەيغەمبىرىمىــز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مـۆئمىن بولمىغـۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشمىگۈچە مـۆئمىن بولالمايسىلەر. سىلەرگە قىلساڭلار ياخشى كۆرۈشــكەن بولىــدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويمـايمۇ؟! ئـۆز ئـاراڭلاردا سـالامنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇڭلار.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**27. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقُولُ الصَّلَوَاتُ الْخَمْسُ وَالْجُمْعَةُ إِلَى الْجُمْعَةِ وَرَمَضَانُ إِلَى رَمَضَانَ مُكَفِّرَاتٌ مَا بَيْنَهُنَّ إِذَا اجْتُنِبَتِ الْكَبَائِرَ**

ئەبــى ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنىــڭ ھەدىســى رەســۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدىغان ئىدى: بەش ۋاقىت

ناماز، جۈمە نامىزى (يەنە بىر) جۈمە نامىزىغىچە، رامىزان روزىسى (يەنە بىر) رامىزان روزىسىغىچە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانسا ئارىلىرىدىكى (كىچىك گۇناھلارغا) كەپپارەتتۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

28. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَفْضَلُ الصِّيَامِ بَعْدَ رَمَضَانَ شَهْرُ اللَّهِ الْمُحَرَّمُ وَأَفْضَلُ الصَّلَاةِ بَعْدَ الْفَرِيضَةِ صَلَاةُ اللَّيْلِ

ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىدىن قالسا روزىنىڭ ئەۋزىلى ئاللاھنىڭ مۇھەررەم ئېيىنىڭ روزىسىدۇر. پەرىز نامازدىن قالسا نامازنىڭ ئەۋزىلى كېچىدە ئوقۇلغان نامازدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

29. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ تَابَ قَبْلَ أَنْ تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا تَابَ اللَّهُ عَلَيْهِ

ئەبى ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم كۈن پاتىدىغان يېرىدىن چىقىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىۋالسا ئاللاھ ئۇنىڭ

تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

30. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جُزُّوا الشَّوَارِبَ وَأَرْخُوا اللِّحَى خَالِفُوا الْمَجُوسَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتنى (قايچىلاپ) كېسىپ تۇرۇڭلار. ساقالنى بولۇشىغا (تولۇق) قويۇڭلار. مەجۇسىيلارغا (ئاتەشپەرەسلەرگە) خىلاپ ئىش تۇتۇڭلار.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

31. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَأَنْ أَقُولَ «سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ» أَحَبُّ إِلَيَّ مِمَّا طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشَّمْسُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ «سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ» «ئاللاھنى بارلىق ئەيىپ ـ نۇقسانلاردىن پاك دەپ ياد قىلىمەن. جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر» دېگەن بولۇشۇم ماڭا كۈن نۇرى يورۇتقان بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان .

32 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ حَمَلَ عَلَيْنَا السِّلاَحَ فَلَيْسَ مِنَّا وَمَنْ غَشَّنَا فَلَيْسَ مِنَّا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزگە قارشى قۇرال كۆتۈرگەن ئادەم بىزدىن ئەمەس. بىزگە ھىلە ئىشلەتكەن ئادەم بىزدىن ئەمەس.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان .

33 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ انْقَطَعَ عَنْهُ عَمَلُهُ إِلَّا مِنْ ثَلَاثَةٍ إِلَّا مِنْ صَدَقَةٍ جَارِيَةٍ أَوْ عِلْمٍ يُنْتَفَعُ بِهِ أَوْ وَلَدٍ صَالِحٍ يَدْعُو لَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان ئۆلسە ئۇنىڭ سەدىقە جارىيە، باشقىلارغا ئۆگەتكەن مەنپەئەتلىك ئىلىم، ياكى (ئارقىسىدىن) دۇئا قىلىدىغان سالىھ بالىدىن ئىبارەت ئۈچ ئىشتىن باشقا ئەمەلى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان .

34 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَقِّنُوا مَوْتَاكُمْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈكلىرىڭلارغا (يەنى سەكراتتىكى ئادەمگە) "لائىلاھە ئىللەللاھ" (بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر) نى ئوقۇپ ئەسلىتىڭلار.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

35. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ كَذَبَ عَلَيَّ مُتَعَمِّدًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى مېنىڭ ئۈستۈمدىن قەستەن يالغان سۆز توقۇيدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى دوزاختىن تېيىپۋالسۇن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

36. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ دَعَا إِلَى هُدًى كَانَ لَهُ مِنَ الْأَجْرِ مِثْلُ أُجُورِ مَنْ تَبِعَهُ لَا يَنْقُصُ ذَلِكَ مِنْ أُجُورِهِمْ شَيْئًا. وَمَنْ دَعَا إِلَى ضَلَالَةٍ كَانَ عَلَيْهِ مِنَ الْإِثْمِ مِثْلُ آثَامِ مَنْ تَبِعَهُ لَا يَنْقُصُ ذَلِكَ مِنْ آثَامِهِمْ شَيْئًا.

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى (باشقىلارنى) بىر ھىدايەتكە دەۋەت قىلسا، بۇ ئادەمگە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرىلىرىگە ئوخشاش

ئەجىر بولىدۇ. بۇ (يەنى دەۋەتچىگە ئەجىرنىڭ بولۇشى) ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچبىر نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. كىمكى (باشقىلارنى) بىر زالالەتكە دەۋەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھ بولىدۇ. بۇ (يەنى دەۋەتچىگە گۇناھنىڭ بولۇشى) ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچنەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**37. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اللَّهُ تَبَارَكَ وتَعَالَى أَنَا أَغْنَى الشُّرَكَاءِ عَنْ الشِّرْكِ مَنْ عَمِلَ عَمَلًا أَشْرَكَ فِيهِ مَعِي غَيْرِي تَرَكْتُهُ وَشِرْكَهُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: مەن شېرىكلەرنىڭ شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت بولغىنىمەن. كىمكى بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇ ئەمەلدە مەن بىلەن مېنىڭ غەيرىمنى شېرىك قىلسا، مەن ئۇنى شېرىكى بىلەن تاشلاپ قويىمەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**38. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ صَلَّى عَلَيَّ وَاحِدَةً صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ عَشْرًا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ماڭا بىر مەرتە

دۇرۇت يوللىسا ئاللاھ ئۇنى ئون مەرتە مەغپىرەت قىلىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**39. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كُلُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ حَرَامٌ دَمُهُ وَمَالُهُ وَعِرْضُهُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئۇنىڭ قېنى (نى تۆكىشى) مېلى (نى ئېلىۋېلىشى) ئابرويى (نى تۆكىشى) ھارامدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**40. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَا نَقَصَتْ صَدَقَةٌ مِنْ مَالٍ وَمَا زَادَ اللَّهُ عَبْدًا بِعَفْوٍ إِلَّا عِزًّا وَمَا تَوَاضَعَ أَحَدٌ لِلَّهِ إِلَّا رَفَعَهُ اللَّهُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە قىلىش مالنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ بەندىنى ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق پەقەتلا ئۇنىڭ ئىززىتىنى ئاشۇرىدۇ. كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنى كەمتەر تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

41 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَتَدْرُونَ مَا الْغِيبَةُ قَالُوا اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ ذِكْرُكَ أَخَاكَ بِمَا يَكْرَهُ قِيلَ أَفَرَأَيْتَ إِنْ كَانَ فِي أَخِي مَا أَقُولُ قَالَ إِنْ كَانَ فِيهِ مَا تَقُولُ فَقَدْ اغْتَبْتَهُ وَإِنْ لَمْ يَكُنْ فِيهِ فَقَدْ بَهَتَّهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: غەيۋەت نىمە بىلەمسىلەر؟ دېگەندە ساھابىلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئوبدان بىلىدۇ ـ دېيىشكەن. پەيغەمبىرىمىز: غەيۋەت قېرىندىشىڭنى ئۇ (ئاڭلاشنى) خالىمايدىغان سۆز بىلەن تىلغا ئېلىشىڭدۇر دېگەن. بىر ئادەم: دەپ باقسىلچۇ، ئەگەر ئۇ قېرىنداشتا مەن دېگەن ئىش بار بولسا؟! ـ دېگىنىدە رەسۇلۇللاھ: ئەگەر ئۇنىڭدا سەن دېگەن ئىش (يەنى شۇ نۇقسان) بار بولسا غەيۋەت قىلغان بولىسەن. بولمىسا (تېخىمۇ ئەشەددى گۇناھ) بۆھتان قىلغان بولىسەن دېگەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

42 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَبَقَ الْمُفَرِّدُونَ قَالُوا وَمَا الْمُفَرِّدُونَ يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ الذَّاكِرُونَ اللَّهَ كَثِيرًا وَالذَّاكِرَاتُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "مۇفەررىدلەر ئېشىپ چۈشتى" دېگەن. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، مۇفەررىدلەر دېگەن نىمە؟ دەپ سوراشقانلىرىدا رەسۇلۇللاھ: ئاللاھنى كۆپ ياد قىلغۇچى ئەرلەر

ۋە ئايالالاردۇر دەپ جاۋاپ بەرگەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**43. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عليه وسلم قال: إِنَّ اللَّهَ لَا يَنْظُرُ إِلَى أَجْسَادِكُمْ وَلَا إِلَى صُوَرِكُمْ وَلَكِنْ يَنْظُرُ إِلَى قُلُوبِكُمْ وَأَعْمَالِكُمْ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ سىلەرنىڭ بوي ـ بەستىڭلارغا، مال ـ مۈلكىڭلارغا ئەمەس بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىلىرىڭلار ۋە قىلغان ئىش ـ ئەمەللىرىڭلارغا قارايدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**44. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: لَاتَجْعَلُوا بُيُوتَكُمْ مَقَابِرَ إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنْفِرُ مِنَ الْبَيْتِ الَّذِي تُقْرَأُ فِيهِ سُورَةُ الْبَقَرَةِ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرىستان (غا ئوخشاش قۇرئان ئوقۇلمايدىغان جاي) قىلىپ قويماڭلار. شەيتان سۈرە بەقەرە تىلاۋەت قىلىنىدىغان ئۆيدىن قاچىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**45. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ**

وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ مَنْ لَا يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قولۇم - قوشنىلىرى زىيانكەشلىك قىلمايدىغانلىقىغا خاتىرجەم بولالمىغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. (قوشنا قوشنىسىنى زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، ئوغرىلىقۇالمايدۇ، تۆھمەت قىلىپ چېقىپ قويمايدۇ، دەپ بىلىدىغان دەرىجىدە ئىشەنچ قىلىشمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.)

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

46. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَقْرَبُ مَا يَكُونُ الْعَبْدُ مِنْ رَبِّهِ وَهُوَ سَاجِدٌ فَأَكْثِرُوا الدُّعَاءَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ رەببىگە ئەڭ يېقىن بولىدىغان ۋاقتى ئۇنىڭ سەجدە قىلغان ۋاقتىدۇر. شۇڭا (سەجدىدە) دۇئانى كۆپ قىلىڭلار.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

47. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ سَلَكَ طَرِيقًا يَلْتَمِسُ فِيهِ عِلْمًا سَهَّلَ اللَّهُ لَهُ بِهِ طَرِيقًا إِلَى الْجَنَّةِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىنى ماڭىدىكەن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا شۇ يولنى مېڭىشى بىلەن جەننەتكە بارىدىغان بىر يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**48. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ يَقُولُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَيْنَ الْمُتَحَابُّونَ بِجَلَالِي الْيَوْمَ أُظِلُّهُمْ فِي ظِلِّي يَوْمَ لَا ظِلَّ إِلَّا ظِلِّي**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ قىيامەت كۈنى: مېنىڭ ئۇلۇقلۇقۇمنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلەر قېنى؟! مەن ئۇلارنى مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە بولمىغان بۈگۈنكى كۈندە ئۆز سايەمدە سايىدىتىمەن ـ دەيدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**49. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ إِذَا أُقِيمَتُ الصَّلَاةُ فَلَا صَلَاةَ إِلَّا الْمَكْتُوبَةُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر

ئىپتىلسا، پەرىز نامازدىن باشقا ناماز ئوقۇلمايدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**50 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الدُّنْيَا سِجْنُ الْمُؤْمِنِ وَجَنَّةُ الْكَافِرِ**

ئەبى هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيا مۆئمىن ئۈچۈن (ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغانلىرى ئالدىدا) زىندان، كاپىر ئۈچۈن (ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلىرى ئالدىدا) جەننەتتۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**51 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ مِنْهُ فَهُوَ رَدٌّ**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىزنىڭ بۇ (دىن) ئىشىمىزدا ئۇنىڭدا مەۋجۇت بولمىغان (بىدئەت) نەرسىنى پەيدا قىلسا ئۇ نەرسە رەت قىلىنىدۇ.

بىرلىككەكېلىنگەن ھەدىس.

**52 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: أَحَبُّ الْأَعْمَالِ إِلَى اللَّهِ أَدْوَمُهَا وَإِنْ قَلَّ**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمەللەر ئىچىدە

ئـاللاھ ئەڭ ياخشـى كۆرـدىغان ئەمەل ئـاز بولسـمۇ دائـم بولغىنىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

53. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ نَذَرَ أَنْ يُطِيعَ اللَّهَ فَلْيُطِعْهُ وَمَنْ نَذَرَ أَنْ يَعْصِيَهُ فَلَا يَعْصِهِ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى نەزىر قىلغان (نەزىر بىر نەرسىنى ئاتىۋەتمەك، نىيەت قىلماق، ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە بەرمەك مەنىسىدە) بولسا (نەزىر قىلغىنى بويىچە) ئاللاھقا ئىتائەت قىلسۇن. ئاللاھقا ئاسى بولۇشنى نەزىر قىلغان بولسا (مەن نەزىر قىلغان دەپ) ئاللاھقا ئاسى بولمىسۇن.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

54. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَسُبُّوا الْأَمْوَاتَ فَإِنَّهُمْ قَدْ أَفْضَوْا إِلَى مَا قَدَّمُوا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈكلەرنى تىللىماڭلار. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى (نىڭ ھىساۋىنى بېرىدىغان) تەرەپكە كەتكەندۇر. (بىز نىمە قىلىشىمىز كېرەك؟ دېمەستىن ئۆلۈپ قۇرۇق ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ كەتكەن ئەجداتلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى «بۇ تارىخ» «تارىخقا تەنقىدى پۇزىتسىيە تۇتىمىز» دەپ

تۇرۇپ غاجىلاۋاتقاندا موشۇ ھەدىسنى ئەسكە ئالغان ياكى ئەسكە سالغانلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن.)

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

55. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ لَا يَدَعُ أَرْبَعًا قَبْلَ الظُّهْرِ وَرَكْعَتَيْنِ قَبْلَ الْغَدَاةِ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىنىنىڭ ئالدىدا تۆت رەكئەت، بامداتنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكئەت نامازنى تەرك قىلمايتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

56. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُعْجِبُهُ التَّيَمُّنُ فِي تَنَعُّلِهِ وَتَرَجُّلِهِ وَطُهُورِهِ وَفِي شَأْنِهِ كُلِّهِ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، ئاياق كىيىمى كىيىش، ساقال تاراش، تاھارەت ئېلىشقىچە پۈتكۈل ئىشىدا ئوڭ تەرەپتىن باشلاش مەمنۇن قىلاتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

57. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَذْكُرُ اللَّهَ عَلَى كُلِّ أَحْيَانِهِ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دىگەن:

رەسۇلۇللاھ ھەر قانداق چاغدا (يەنى ۋاقىت ۋە ئورۇن تاللىماي) ئاللاھنى زىكىر قىلىپ تۇرىدىغان ئىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

58. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رَكْعَتَا الْفَجْرِ خَيْرٌ مِنَ الدُّنْيَا وَمَا فِيهَا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئىتى (تامامى) دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

59. عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ الرِّفْقَ لَا يَكُونُ فِي شَيْءٍ إِلَّا زَانَهُ وَلَا يُنْزَعُ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا شَانَهُ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلىق ـ سىپايىلىق قانداق بىر شەيئىدە بولىدىكەن ئۇنىڭغا چوقۇم يارىشىدۇ. قانداق بىر شەيئىدىن ئېلىۋېتىلىدىكەن چوقۇم ئۇنىڭغا ئەيىپ بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

60. عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لِأَخِيهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغا ياخشى كۆرمىگۈچە مۆئمىن بولالمايدۇ. (يەنى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھەر ئىشتا ئۆزىگە ئوخشاش كۆرمىگۈچە كامىل مۆئمىن بولالمايدۇ.)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**61 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَغْرِسُ غَرْسًا أَوْ يَزْرَعُ زَرْعًا فَيَأْكُلُ مِنْهُ طَيْرٌ أَوْ إِنْسَانٌ أَوْ بَهِيمَةٌ إِلَّا كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةٌ**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسىبىر مۇسۇلمان بىر كۆچەت تىكسە، ياكى زىرائەت تېرىسا ئۇنىڭدىن قۇشلار، ئادەملەر ياكى ھايۋاناتلار يېسە، (شۇلار يېگەن نەرسە) شۇ زىرائەتنى تىككۈچى ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**62 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ سَرَّهُ أَنْ يُبْسَطَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ أَوْ يُنْسَأَ فِي أَثَرِهِ فَلْيَصِلْ رَحِمَهُ**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رىزقىم كەڭ بولسۇن، ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېگەن ئادەم سىلە ـ رەھىم قىلسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**63. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ «رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ»**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدىغان ئىدى: «**رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ**» ئى ئاللاھ بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**64. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الصَّبْرُ عِنْدَ الصَّدْمَةِ الْأُولَى**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەبىر دېگەن كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەن دەسلەپكى چاغدا بولىدۇ. (سەبىر قىلغۇچىنى ساۋاپقا نائىل قىلىدىغان سەبىر، باشتا يىغلاپ ـ قاقشاپ، شەرىئەتتە چەكلەنگەن بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ، ئاندىن ئامال بولمىغاندىن

كېيىن ، ئەمدى سەبىر قىلاي دەپ ئەمەس ، باشتىن باشلاپ ئاللاھ ئەجىر بېرىدۇ ـ دېگەن ئۈمىدتە سەبىر قىلىش بىلەن بولىدۇ.)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

65 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتْبَعُ الْمَيِّتَ ثَلَاثَةٌ فَيَرْجِعُ اثْنَانِ وَيَبْقَى مَعَهُ وَاحِدٌ يَتْبَعُهُ أَهْلُهُ وَمَالُهُ وَعَمَلُهُ فَيَرْجِعُ أَهْلُهُ وَمَالُهُ وَيَبْقَى عَمَلُهُ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ نەرسە مېيىتقا ئەگىشىپ (قەبرىستانلىققا) بېرىپ ئىككىسى قايتىپ كېتىدۇ. بىرى بولسا مېيىت بىلەن بىللە قالىدۇ. مېيىتقا خوتۇن ـ بالىلىرى ، پۇل ـ مېلى ۋە ئەملى ئەگىشىپ بارىدۇ. خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن پۇل مېلى قايتىپ كېتىپ ئەملى (مېيىت بىلەن بىللە) قالىدۇ. (يەنى قەبرىدىكى شۇ يەككە ـ يېگانە ۋە قاراڭغۇ مۇھىتتا ئىنسانغا ئەسقاتىدىغىنى يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان پۇل ـ مال ، ھەتتا بالا ـ چاقا ئەمەس ، ئىقتىساد ۋە كۈچىنى سەرپىلەپ تاپقان ساۋاپلىق ئەمەل ۋە قىلغان ئىبادەتتۇر.)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

66 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ

وَسَلَّمَ قَالَ يَسِّرُوا وَلَا تُعَسِّرُوا وَبَشِّرُوا وَلَا تُنَفِّرُوا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاسانلاشتۇرۇڭلار. قىيىنلاشتۇرىۋالماڭلار. خۇش ـ بېشارەت بېرىڭلار. ئۈركۈتۈپ قويماڭلار. (ئەلۋەتتە بۇ ئاسانلاشتۇرۇش نامى بىلەن ھازىرقى دەۋىردە كەڭ ئەۋج ئالغان مەزھەپلەر ئارىسىدىكى پەرىقلىق قاراشلارنى سۇيىئىستىمال قىلىپ، ھەممە مەزھەپنىڭ ئۆز نەپسىگە، مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلگەن يېرىگە ئېسىلىپ، مەزھەپتىن مەزھەپكە ئۆتۈپ، ئالىملار ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن "تتبع الرخص" رۇخسەت قوغلىشىش ئارقىلىق شەرىئەتتىن چىقىشتىن ئىبارەت زالالەت يولىغا مېڭىشنى كۆرسەتمەيدۇ.)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

67. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ سَوُّوا صُفُوفَكُمْ فَإِنَّ تَسْوِيَةَ الصُّفُوفِ مِنْ إِقَامَةِ الصَّلَاةِ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (نامازدا) سەپىرىڭلارنى تۈپتۈز قىلىڭلار. سەپنىڭ تۈزلىكى نامازنىڭ (مۇكەممەل) بەرپا بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

68. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى

اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ لَيَرْضَى عَنْ الْعَبْدِ أَنْ يَأْكُلَ الْأَكْلَةَ فَيَحْمَدَهُ عَلَيْهَا أَوْ يَشْرَبَ الشَّرْبَةَ فَيَحْمَدَهُ عَلَيْهَا

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بەندىنىڭ يېمەكلىك يەپ (ئاللاھنىڭ يېمەكلىك بەرگىنىگە) ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقىنىغا، ياكى ئىچىملىك ئىچىپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقىنىغا مەمنۇن بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

69. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِنْ وَالِدِهِ وَوَلَدِهِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۇچۇن مەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن دادىسى، بالىسىدىن ۋە پۈتكۈل ئىنسانلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان كىشىسى بولمىغۇچە مۆئمىن بولالمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

70. عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا زَالَ جِبْرِيلُ يُوصِينِي بِالْجَارِ حَتَّى ظَنَنْتُ أَنَّهُ سَيُوَرِّثُهُ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا قوشنىغا (ياخشىلىق قىلىشنى) توختىماي تەۋسىيە قىلدى. ھەتتا مەن "قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويسا كېرەك" دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**71. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اجْعَلُوا آخِرَ صَلَاتِكُمْ بِاللَّيْلِ وِتْرًا**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدىكى نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرىنى (بىر ياكى ئۈچ رەكئەت دېگەندەك) تاق قىلىڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**72. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قال قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا يَزَالُ الرَّجُلُ يَسْأَلُ النَّاسَ حَتَّى يَأْتِيَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَيْسَ فِي وَجْهِهِ مُزْعَةُ لَحْمٍ**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دائىم تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدىغان ئادەم قىيامەت كۈنى يۈزىدە بىر پارچىمۇ گۆش يوق ھالەتتە (ئىسكىلىت ھالىتىدە مەھشەر مەيدانىغا) كېلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

73 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الَّذِي تَفُوتُهُ صَلَاةُ الْعَصْرِ كَأَنَّمَا وُتِرَ أَهْلَهُ وَمَالَهُ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسىر نامىزى قازا بولۇپ كەتكەن ئادەم (تارىتقان زىيىنى جەھەتتە) گوياكى خوتۇن بالىلىرى ۋە پۇل مېلىدىن (يەنى بارلىقىدىن) ئايرىلىپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

74 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ لَا يَظْلِمُهُ وَلَا يُسْلِمُهُ وَمَنْ كَانَ فِي حَاجَةِ أَخِيهِ كَانَ اللَّهُ فِي حَاجَتِهِ وَمَنْ فَرَّجَ عَنْ مُسْلِمٍ كُرْبَةً فَرَّجَ اللَّهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرُبَاتِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللَّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. مۇسۇلمان قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلمايدۇ. قېرىندىشىنى(دۈشمىنىگە) تۇتۇپ بەرمەيدۇ. كىم قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. كىم بىر مۇسۇلماننىڭ بىر قىيىنچىلىقىنى ھەل

قىلىپ قويسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قىينىچىلىقلىرىدىن بىرىنى ھەل قىلىپ قويىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننى (ئەيىبىنى ياكى كېيىم ـ كېچەك بىلەن ئەۋرىتىنى) ياپسا ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنى (گۇناھىنى) ياپىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

75. عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حُرْمَةُ نِسَاءِ الْمُجَاهِدِينَ عَلَى الْقَاعِدِينَ كَحُرْمَةِ أُمَّهَاتِهِمْ وَمَا مِنْ رَجُلٍ مِنْ الْقَاعِدِينَ يَخْلُفُ رَجُلًا مِنْ الْمُجَاهِدِينَ فِي أَهْلِهِ فَيَخُونُهُ فِيهِمْ إِلَّا وُقِفَ لَهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيَأْخُذُ مِنْ عَمَلِهِ مَا شَاءَ فَمَا ظَنُّكُمْ

سۇلەيمان ئىبنى بۇرەيدەنىڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: مۇجاھىدلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ جىھادقا چىقمىغان كىشىلەر ئالدىدىكى ھۆرمىتى ئۇلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاشتۇر. جىھادقا چىقمىغانلاردىن قانداق بىر ئادەم مۇجاھىدلاردىن بىرىنىڭ ئائىلىسىگە قارايدىغانغا قېلىپ، مۇجاھىد ئائىلىسى ھەققىدە خىيانەت قىلغۇدەك بولسا، ئۇ ئادەم قىيامەت كۈنى مۇجاھىد ئۇچۇن تۇرغۇزۇلۇپ بېرىلىپ مۇجاھىد ئۇ (خائىنىنىڭ) ساۋابىدىن خالىغىنىچە ئېلىۋالىدۇ. سىلەر (مۇجاھىد ئۇ خائىننى) قانداق (قىلار) دەپ ئويلايسىلەر؟!

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

76. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ

عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الظُّلْمُ ظُلُمَاتٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (دۇنيادا باشقىلارغا سالغان) زۇلۇم (زالىمغا نىسبەتەن) قىيامەت كۈنىدىكى (قاتمۇ ـ قات) زۇلمەتلەردۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

77. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُونَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ وَالْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ مَا نَهَى اللَّهُ عَنْهُ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار تىلى ۋە قولىدىن (تىلى بىلەن تىللاش، چېقىشتۇرۇش ۋە قولى بىلەن ئۇرۇپ ئازار بېرىشىدىن) سالامەت قالغان ئادەمدۇر. مۇھاجىر (دىنى ئۈچۈن يۇرتىنى تەرك قىلغۇچى) دېگەن ئاللاھ نەھيي قىلغان ئىشنى تەرك قىلغان ئادەمدۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

78. عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قال رسول الله صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ كُلُّ مُسْكِرٍ خَمْرٌ وَكُلُّ خَمْرٍ حَرَامٌ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق

مەست قىلغۇچى ھاراقتۇر. ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**79. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَبَرُّ الْبِرِّ أَنْ يَصِلَ الرَّجُلُ وُدَّ أَبِيهِ**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەمنىڭ دادىسىنىڭ دوستلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ تۇرىشى ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان ئەڭ يۇكسەك ۋاپادارلىقىدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**80. عَنْ سَالِمٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ أَبِيهِ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا حَسَدَ إِلَّا فِي اثْنَتَيْنِ رَجُلٌ آتَاهُ اللَّهُ الْقُرْآنَ فَهُوَ يَقُومُ بِهِ آنَاءَ اللَّيْلِ وَآنَاءَ النَّهَارِ وَرَجُلٌ آتَاهُ اللَّهُ مَالًا فَهُوَ يُنْفِقُهُ آنَاءَ اللَّيْلِ وَآنَاءَ النَّهَارِ**

سالىم ئىبنى ئابدۇللاھدىن ئۇنىڭ دادىسىدىن ـ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ـ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل ئادەمدىن باشقىلارغا ھەۋەس قىلىنمايدۇ. (بىرى) ئاللاھ قۇرئاننى بەرگەن، ئەتىگەن ئاخشىمى قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم. (ئىككىنچىسى) ئاللاھ ئىقتىساد بەرگەن، ئىقتىسادىنى ئەتىگەن ئاخشىمى (ساۋاپلىق

ئىشلارغا) خىراجەت قىلىپ تۇرغان ئادەم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

81 . عَنْ جَابِرٍ بن عبد الله رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا تَأْكُلُوا بِالشِّمَالِ فَإِنَّ الشَّيْطَانَ يَأْكُلُ بِالشِّمَالِ

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سول قول بىلەن تائام يېمەڭلار. شەيتان سول قول بىلەن تائام يەيدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

82 . عَنْ جابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ لَقِيَ اللَّهَ لَا يُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا دَخَلَ الْجَنَّةَ وَمَنْ لَقِيَهُ يُشْرِكُ بِهِ دَخَلَ النَّارَ

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: كىمكى ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا (يەنى ھاياتىدا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە) جەننەتكە كىرىدۇ. ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۇچراشسا (ئۆلسە) دوزاخقا كىرىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

83 . عَنْ جَابِرٍ بنِ عَبدِ الله رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ بَيْنَ الرَّجُلِ وَبَيْنَ الشِّرْكِ وَالْكُفْرِ تَرْكَ الصَّلَاةِ

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (مۇسۇلمان) ئادەم بىلەن شېرىك ۋە كۇپرى ئارىسىدا (پاسىل) نامازنى تەرىك قىلىشتۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

84 . عَنْ جَابِرٍ بن عبد الله رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ يُبْعَثُ كُلُّ عَبْدٍ عَلَى مَا مَاتَ عَلَيْهِ

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر بىر بەندە قانداق ئۆلگەن بولسا شۇ بويىچە تىرىلدۈرۈلىدۇ. (يەنى ياخشى ئىش قىلىۋېتىپ ئۆلگەن بولسا شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋاتقان ھالدا، يامان ئىش قىلىۋېتىپ ئۆلسىمۇ شۇ يامان ئىشنى قىلىۋاتقان ھالدا تىرىلدۈرىلىدۇ.)

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

85 . عَنْ صَفِيَّةَ عَنْ بَعْضِ أَزْوَاجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ أَتَى عَرَّافًا فَسَأَلَهُ عَنْ شَيْءٍ لَمْ تُقْبَلْ لَهُ صَلَاةٌ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً

سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ بىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى جىنكەشىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ھەققىدە (مەسلىھەت) سورىسا، قىرىق كۈنگىچە ھېچقانداق نامىزى مەقبۇل قىلىنمايدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**86. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ مَسعُود رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ أَشَدَّ النَّاسِ عَذَابًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ الْمُصَوِّرُونَ**

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدىغان ئادەملەر رەسساملاردۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**87. عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَال قَال النَّبِيّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ قَرَأَ بِالْآيَتَيْنِ مِنْ آخِرِ سُورَةِ الْبَقَرَةِ فِي لَيْلَةٍ كَفَتَاهُ**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر كېچىدە سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرىدىن ئىككى ئايەت ئوقۇسا، ئۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە (شۇ كېچىچە) كۇپايە قىلىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**88. عَنْ ثَابِتِ بْنِ الضَّحَّاكِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ**

وَسَلَّمَ قَالَ: لَعْنُ الْمُؤْمِنِ كَقَتْلِهِ

سابىت ئىبنى زەھاكنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنگە بەد دۇئا قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش (گۇناھ) تۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

89 . عَنْ أَبِي ذَرٍّ رضي الله عنه قَالَ قَالَ لِيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَحْقِرَنَّ مِنَ الْمَعْرُوفِ شَيْئًا وَلَوْ أَنْ تَلْقَى أَخَاكَ بِوَجْهٍ طَلْقٍ

ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا مۇنداق دېدى: ھېچقانداق ياخشىلىقنى تۆۋەن سانىمىغىن. ئەگەر (ئۇ ياخشىلىق) قېرىندىشىڭ بىلەن خۇشچىراي ھالدا ئۇچرىشىش بولسا ھەم.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

90 . عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ عَبْدٍ مُسْلِمٍ يَدْعُو لِأَخِيهِ بِظَهْرِ الْغَيْبِ إِلَّا قَالَ الْمَلَكُ وَلَكَ بِمِثْلٍ

ئەبى دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسىبىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا غايىبانە دۇئا قىلسا، بىر پەرىشتە ئۇنىڭغا

چوقۇم "ساڭمۇ تىلىگىنىڭگە ئوخشاش بولسۇن" (ئۇنىڭغا تىلىگىنىڭنى ئاللاھ ساڭمۇ بەرسۇن) دەيدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**91. عَنْ مُعَاوِيَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَال سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ يُرِدْ اللَّهُ بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّينِ**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە ئاللاھ ياخشىلىق ئىرادە قىلسا ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**92. عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا سَمِعْتُمُ النِّدَاءَ فَقُولُوا مِثْلَ مَا يَقُولُ الْمُؤَذِّنُ**

ئەبى سەئىدىلخۇدرىنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزاننى ئاڭلىغىنىڭلاردا مۇئەززىن نىمە دېسە شۇنى دەڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**93. عَنْ أَبِي قَتَادَةَ السَّلَمِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا دَخَلَ أَحَدُكُمُ الْمَسْجِدَ فَلْيَرْكَعْ رَكْعَتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يَجْلِسَ**

ئەبى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسجىدكە كىرسە ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**94. عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَثَلُ الَّذِي يَذْكُرُ رَبَّهُ وَالَّذِي لَا يَذْكُرُ رَبَّهُ مَثَلُ الْحَيِّ وَالْمَيِّتِ**

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىنى ئەسلەيدىغان ئادەم بىلەن ئەسلىمەيدىغان ئادەم ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ مىسالىدۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**95. عنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نِعْمَتَانِ مَغْبُونٌ فِيهِمَا كَثِيرٌ مِنْ النَّاسِ الصِّحَّةُ وَالْفَرَاغُ**

ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى نېئمەت بار. نۇرغۇن ئادەم (قولدىن بېرىپ) زىيان تارتىدۇ. ئۇ ئىككى نېئمەت ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**96. عَنْ عُثْمَانَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ**

خَيْرُكُمْ مَنْ تَعَلَّمَ الْقُرْآنَ وَعَلَّمَهُ

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ياخشىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىدۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

97. عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفَّانَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ تَوَضَّأَ فَأَحْسَنَ الْوُضُوءَ خَرَجَتْ خَطَايَاهُ مِنْ جَسَدِهِ حَتَّى تَخْرُجَ مِنْ تَحْتِ أَظْفَارِهِ

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى تاھارەت ئېلىپ (ئالغاندىمۇ) كامىل ئالسا، ئۇ ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى گۇناھلار چىقىپ كېتىدۇ. ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئاستىدىكى گۇناھلارغا قەدەر چىقىپ كېتىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

98. عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفَّانَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قال رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ صَلَّى الْعِشَاءَ فِي جَمَاعَةٍ فَكَأَنَّمَا قَامَ نِصْفَ اللَّيْلِ وَمَنْ صَلَّى الصُّبْحَ فِي جَمَاعَةٍ فَكَأَنَّمَا صَلَّى اللَّيْلَ كُلَّهُ

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇسا، يېرىم كېچىدە قوپۇپ ئىبادەت قىلغاندەك (ئەجىرگە ئىگە) بولىدۇ. كىمكى بامداتنىمۇ جامائەت بىلەن ئوقۇسا، ئۇ ئادەم پۈتۈن كېچىدە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلغاندەك (ئەجىرگە ئىگە) بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**99. عَنْ أَبِي أَيُّوبَ الْأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ صَامَ رَمَضَانَ ثُمَّ أَتْبَعَهُ سِتًّا مِنْ شَوَّالٍ كَانَ كَصِيَامِ الدَّهْرِ**

ئەبى ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى رامىزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن ئۇلاپ روزا تۇتسا، يىل بويى روزا تۇتقاندەك (ئەجىرگە ئىگە) بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**100. عَنْ سَهْلِ بْنَ أَبِي أُمَامَةَ بْنِ سَهْلِ بْنِ حُنَيْفٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ سَأَلَ اللَّهَ الشَّهَادَةَ بِصِدْقٍ بَلَّغَهُ اللَّهُ مَنَازِلَ الشُّهَدَاءِ وَإِنْ مَاتَ عَلَى فِرَاشِهِ**

سەھل ئىبنى ھۇنەيىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: كىمكى ئاللاھتىن سەممىيلىك بىلەن شېھىت بولۇشنى تىلىسە، ئاللاھ ئۇ ئادەمنى كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسىمۇ شېھىتلارنىڭ مەرتىۋىسگە يەتكۈزىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

101. عَنْ أَبِي هريرة رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَحْسَنَ أَحَدُكُمْ إِسْلَامَهُ فَكُلُّ حَسَنَةٍ يَعْمَلُهَا تُكْتَبُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا إِلَى سَبْعِ مِائَةِ ضِعْفٍ وَكُلُّ سَيِّئَةٍ يَعْمَلُهَا تُكْتَبُ بِمِثْلِهَا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياخشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇ قىلغان ھەر بىر ساۋاپلىق ئەمەل ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ھەسسىلەپ يېزىلىدۇ. قىلغان ھەر بىر گۇناھ ئەمەل بولسا ئۆز پېتى يېزىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

102. عَنْ أَبِي هريرة رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رسول الله صلى الله عَلَيْه وَسَلَّمَ قال يأْتِي الشَّيْطَانُ أَحَدَكُمْ فَيَقُولَ مَنْ خَلَقَ كَذَا وَكَذَا حَتَّى يَقُولَ لَهُ مَنْ خَلَقَ رَبَّكَ فَإِذَا بَلَغَ ذَلِكَ فَلْيَسْتَعِذْ بِاللَّهِ وَلْيَنْتَهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: ماۋۇنى كىم ياراتتى؟ ئاۋۇنى كىم

ياراتتى؟ ... دەپ يۇرۇپ ئاخىرى: رەببىڭنى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ. ئىنسان مۇشۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئاللاھتىن پاناھلىق تىلەپ (ئەئۇزۇ بىللەھى مىنەششەيتانىررەجىم) دەپ توختىسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

103 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى إِذَا أَحَبَّ عَبْدًا نَادَى جِبْرِيلَ إِنَّ اللَّهَ قَدْ أَحَبَّ فُلَانًا فَأَحِبَّهُ فَيُحِبُّهُ جِبْرِيلُ ثُمَّ يُنَادِي جِبْرِيلُ فِي السَّمَاءِ إِنَّ اللَّهَ قَدْ أَحَبَّ فُلَانًا فَأَحِبُّوهُ فَيُحِبُّهُ أَهْلُ السَّمَاءِ وَيُوضَعُ لَهُ الْقَبُولُ فِي أَهْلِ الْأَرْضِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىر بەندىنى ياخشى كۆرسە جىبرىئىلغا: ئاللاھ پالانى كىشىنى ياخشى كۆردى، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇ كىشىنى جىبرىئىل ياخشى كۆرىدۇ. جىبرىئىل ئاسماندىكى پەرىشتەلەر ئارىسدا: ئاللاھ پالانى كىشىنى ياخشى كۆردى، سىلەرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈڭلار دەپ نىدا قىلىدۇ. ئۇ كىشىنى ئاسماندىكى پەرىشتەلەر ياخشى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ كىشىگە يەر يۈزىدە مەقبۇللۇق چۈشۈرۈلىدۇ. (يەر يۈزىدىمۇ ياقتۇرۇشقا ئېرىشىدۇ)

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**104 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَقْبَلُ اللَّهُ صَلَاةَ أَحَدِكُمْ إِذَا أَحْدَثَ حَتَّى يَتَوَضَّأَ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىرىڭلارنىڭ تاھارەتسىز ئوقۇغان نامىزىنى تاكى ئۇ تاھارەت ئالمىغۇچە مەقبۇل قىلمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**105 . عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَتَتَّبِعُنَّ سَنَنَ مَنْ قَبْلَكُمْ شِبْرًا بِشِبْرٍ وَذِرَاعًا بِذِرَاعٍ حَتَّى لَوْ سَلَكُوا جُحْرَ ضَبٍّ لَسَلَكْتُمُوهُ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللَّهِ الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى قَالَ فَمَنْ؟**

ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بىر غېرىچ بىر غېرىچتىن، بىر گەز بىر گەزدىن بۇرۇنقىلارنىڭ يوللىرىغا ئەگىشىپ ماڭىسىلەر. ھەتتا ئۇلار (تارىختا) كېلەنىڭ تۆشۈكىگە كىرگەن بولسا سىلەرمۇ (دوراپ) كىرىپ باقىسىلەر. (ئەبى سەئىد مۇنداق دەيدۇ:) بىز: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، (دېمەكچى بولغانلىرى) يەھۇدىي ناسارالارنىڭ (يولىمۇ؟) دېسەك، رەسۇلۇللاھ: ئەمىسە كىمنىڭ (بولاتتى؟!) دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن

ھەدىس .

106 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَيْسَ الْغِنَى عَنْ كَثْرَةِ الْعَرَضِ وَلَكِنَّ الْغِنَى غِنَى النَّفْسِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بايلىق ـ مالنىڭ كۆپلىكىدىن ئەمەس، بەلكى بايلىق قەلبپ بايلىقىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

107 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سُئِلَ أَيُّ الْعَمَلِ أَفْضَلُ فَقَالَ إِيمَانٌ بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ قِيلَ ثُمَّ مَاذَا قَالَ الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ قِيلَ ثُمَّ مَاذَا قَالَ حَجٌّ مَبْرُورٌ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر ئادەم: ئەمەللەرنىڭ ئىچىدە قايسىبىرىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىنچۇ؟ دېگەن سوئالغا: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىنچۇ؟ دېگەن سوئالغا: ياخشى ئورۇنلانغان ھەج دەپ جاۋاپ بەردى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

108 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلَا يُؤْذِ جَارَهُ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ وَمَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَصْمُتْ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىمان ئېيتقان بولسا قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىمان ئېيتقان بولسا مېھماننى ھۆرمەت قىلسۇن. كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنگە ئىمان ئېيتقان بولسا ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

109 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَنْزِلُ رَبُّنَا تَبَارَكَ وَتَعَالَى كُلَّ لَيْلَةٍ إِلَى السَّمَاءِ الدُّنْيَا حِينَ يَبْقَى ثُلُثُ اللَّيْلِ الْآخِرُ يَقُولُ مَنْ يَدْعُونِي فَأَسْتَجِيبَ لَهُ مَنْ يَسْأَلُنِي فَأُعْطِيَهُ مَنْ يَسْتَغْفِرُنِي فَأَغْفِرَ لَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىمىز ئاللاھ ھەر كېچە كېچىنىڭ (تاڭ ئېتىشقا) ئۈچتىن بىر قىسمى قالغاندا دۇنيا

ئاسمىنىغا چۇشۇپ: كىم ماڭا دۇئا قىلسا مەن دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن. كىم مەندىن بىر نەرسە تىلىسە مەن تىلىگىنىنى بېرىمەن. كىم مەندىن مەغپىرەت تىلىسە مەن (گۇناھىنى) مەغپىرەت قىلىمەن دەيدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

110. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ قَالَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ يُؤْذِينِي ابْنُ آدَمَ يَسُبُّ الدَّهْرَ وَأَنَا الدَّهْرُ بيدي الأمر أُقَلِّبُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دېدى: ئادەم بالىسى زامانىنى تىللاپ ماڭا ئازار بېرىدۇ. ھالبۇكى مەن زاماندۇرمەن. ئىشلار مېنىڭ ئىلكىمدىدۇر. كېچە ـ كۈندۈزنى مەن ئالماشتۇرۇپ تۇرىمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

111. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ اللَّهَ تَجَاوَزَ عَنْ أُمَّتِي مَا حَدَّثَتْ بِهِ أَنْفُسَهَا مَا لَمْ تَعْمَلْ أَوْ تَتَكَلَّمْ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئۇممىتىمنىڭ

كۆڭلىگە كەلتۈرگەن نەرسىنى ـ ئۇنى ئەمەلىي قىلمىغان ياكى سۆزلىمىگەنلا بولسا ـ كەچۈرىۋەتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

112. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لِكُلِّ نَبِيٍّ دَعْوَةٌ مُسْتَجَابَةٌ يَدْعُو بِهَا وَأُرِيدُ أَنْ أَخْتَبِئَ دَعْوَتِي شَفَاعَةً لِأُمَّتِي فِي الْآخِرَةِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ قىلسلا ئىجابەت بولىدىغان بىر دۇئاسى بار. مەن شۇ دۇئايىمنى ئاخىرەتتە ئۇممىتىمگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشنى ئىرادە قىلىمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

113. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَقِيمُوا الصَّفَّ فِي الصَّلَاةِ فَإِنَّ إِقَامَةَ الصَّفِّ مِنْ حُسْنِ الصَّلَاةِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا سەپنى رۇسلاڭلار. سەپنىڭ رۇس بولغىنى نامازنىڭ دۇرۇس بولغانلىقىدىندۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

114. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ أَبُو

الْقَاسِمِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي يَوْمِ الْجُمُعَةِ سَاعَةٌ لَا يُوَافِقُهَا مُسْلِمٌ وَهُوَ قَائِمٌ يُصَلِّي يَسْأَلُ اللَّهَ خَيْرًا إِلَّا أَعْطَاهُ وَقَالَ بِيَدِهِ قُلْنَا يُقَلِّلُهَا يُزَهِّدُهَا

ئەبـى هـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ ھەدىسـى، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جۈمە كۈنىدە بىر ۋاقىت بـار. بىـر مۇسۇلمان ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان، ئاللاھتىن ياخشىلىق تەلەپ قىلغان ھالەتتە شۇ ۋاقىتقـا تـوغرا كېلىـپ قالسـا، ئـاللاھ ئۇنـىڭ تىلىكىنى چوقۇم بېرىدۇ ـ دەپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. (ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيـدۇ:) بىـز (رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەمنىڭ قـول ئىشـارىتىدىن) ئـاللاھ مۇسـۇلماننىڭ تىلـىگەن نەرسىسـىنى ئـاز سـاناپ، ئـانچىكى نەرسـە ھېسـاپلاپ (چـوڭ بىلمەيلا) بېرىدۇ دەپ چۈشەندۇق.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**115. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا سَمِعْتُمْ صِيَاحَ الدِّيَكَةِ فَاسْأَلُوا اللَّهَ مِنْ فَضْلِهِ فَإِنَّهَا رَأَتْ مَلَكًا وَإِذَا سَمِعْتُمْ نَهِيقَ الْحِمَارِ فَتَعَوَّذُوا بِاللَّهِ مِنْ الشَّيْطَانِ فَإِنَّهَا رَأَتْ شَيْطَانًا**

ئەبـى ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنـىڭ ھەدىسـى، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېـگەن: خـوراز چىللىغـاننى

ئاڭلىساڭلار ئاللاھتىن پەزلى ۋە مەرھەمىتىنى تىلەڭلار. ئۇ (چىللىغان چېغىدا) پەرىشتىنى كۆرگەن. ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىنى ئاڭلىساڭلار ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلەڭلار. (ئىشەك ھاڭرىغان چېغىدا) شەيتاننى كۆرگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

116. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ أَوْصَانِي خَلِيلِي صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِثَلَاثٍ صِيَامِ ثَلَاثَةِ أَيَّامٍ مِنْ كُلِّ شَهْرٍ وَرَكْعَتَيْ الضُّحَى وَأَنْ أُوتِرَ قَبْلَ أَنْ أَنَامَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: دوستۇم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، ئىككى رەكئەت چاشكا نامىزى ئوقۇش، ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋىتىر ئوقۇشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى تەۋسىيە قىلدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

117. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَيُّ الصَّدَقَةِ أَعْظَمُ أَجْرًا قَالَ أَنْ تَصَدَّقَ وَأَنْتَ صَحِيحٌ شَحِيحٌ تَخْشَى الْفَقْرَ وَتَأْمُلُ الْغِنَى وَلَا تُمْهِلُ حَتَّى إِذَا بَلَغَتْ الْحُلْقُومَ قُلْتَ لِفُلَانٍ كَذَا وَلِفُلَانٍ كَذَا وَقَدْ كَانَ لِفُلَانٍ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر

ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، سەدىقىنىڭ قايسىنىڭ ئەجرى كاتتا؟ دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ: سېنىڭ ساغلام، مال ـ دۇنياغا ھېرىسمەن، يوقسۇل قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان، باي بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەھۋالدا تۇرۇپ سەدىقە قىلىشىڭنىڭ (ئەجرى كاتتىدۇر.) جان ھەلقۇمغا كەلگەنگە قەدەر ئارقىغا سۆرىمىگەيسەن. (ئۇ چاغدا) پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار، پالانىغا مۇنچىلىك بېرىڭلار دەيسەن. ئەسلىدە ئۇ پۇل ـ مال (مىراسخورلۇق نوقتىسىدىن) باشقا بىرىنىڭ بولۇپ بولغان بولىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**118. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَسْرِعُوا بِالْجِنَازَةِ فَإِنْ تَكُ صَالِحَةً فَخَيْرٌ تُقَدِّمُونَهَا وَإِنْ يَكُ سِوَى ذَلِكَ فَشَرٌّ تَضَعُونَهُ عَنْ رِقَابِكُمْ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنازىنى ئېلىپ مېڭىشقا ئالدىراڭلار. ئەگەر مېيىت ياخشى بىرى بولسا (ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نەتىجە) ياخشىدۇر. ياخشىلىققا (بالدۇرراق) يېتىشتۈرگەن بولىسىلەر. ئەگەر ئەكسىچە بولغاندا (ئۇنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نەتىجە) ياماندۇر. مۇرەڭلەردىن چۈشۈرۈۋالغان بولىسىلەر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

119 . عَنْ أَبِي هريرة رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ اَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: حَقٌّ عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ أَنْ يَغْتَسِلَ فِي كُلِّ سَبْعَةِ أَيَّامٍ يَوْمًا يَغْسِلُ فِيهِ رَأْسَهُ وَجَسَدَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر بىر مۇسۇلمانىنىڭ ھەپتىدە بىر كۈن يۇيۇنۇپ، بېشىنى ۋە بەدىنىنى يۇيۇشى زۆرۈردۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

120 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ الْحَلِفُ مُنَفِّقَةٌ لِلسِّلْعَةِ مُمْحِقَةٌ لِلْبَرَكَةِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يالغان قەسەم (يالغان قەسەم ئىچىپ مال ساتقۇچىنىڭ) مېلىنى قولدىن چىقىرىدۇ. (ئەمما) بەرىكەتنى ئۆچۈرىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

121 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ يَقُولُ كُلُّ أُمَّتِي مُعَافًى إِلَّا الْمُجَاهِرِينَ وَإِنَّ مِنْ الْمُجَاهَرَةِ أَنْ يَعْمَلَ الرَّجُلُ بِاللَّيْلِ عَمَلًا ثُمَّ يُصْبِحَ وَقَدْ سَتَرَهُ اللَّهُ عَلَيْهِ فَيَقُولَ يَا فُلَانُ عَمِلْتُ الْبَارِحَةَ كَذَا وَكَذَا وَقَدْ بَاتَ يَسْتُرُهُ رَبُّهُ وَيُصْبِحُ يَكْشِفُ سِتْرَ اللَّهِ عَنْهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمنىڭ جاكارچىدىن باشقا ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ. جاكارچىلىقنىڭ بىر تۈرى، بىر ئادەمنىڭ كېچىدە (گۇناھقا ياتىدىغان) بىر ئىشنى قىلىپ، ئاللاھ ئۇ ئىشنى ئاشكارا قىلمىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە: ھەي پالانى، مەن كېچە مۇنداق مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم دېگەن بولۇشىدۇر. (كېچىدە) ئۇنى رەببى ياپقان. ئەمما ئۇ ئەتىسى ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۇستىدىكى پەردىسىنى ئېچىۋەتكەن.[2]

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**122. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دَخَلَ رَمَضَانُ فُتِّحَتْ أَبْوَابُ الجَنَّةِ وَغُلِّقَتْ أَبْوَابُ جَهَنَّمَ وَسُلْسِلَتْ الشَّيَاطِينُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامىزان ئېيى كىرسە، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. شەيتانلار نەزەربەنت قىلىنىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

---

2. يەنى كېچىسى گۇناھقا پېتىپ گۇناھى سىرىتقا ئاشكارىلانمىغان. ئەمما ئۆزى مەخپى قالغان گۇناھنى جاكارلاپ، ئاشكارىلاپ باشقىلارنى گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ئۈندىگەن، يوشۇرۇن قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئادەمنى ئاللاھنىڭ كەچۈرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

123 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا نَسِيَ فَأَكَلَ وَشَرِبَ فَلْيُتِمَّ صَوْمَهُ فَإِنَّمَا أَطْعَمَهُ اللَّهُ وَسَقَاهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (روزىدار) ئۇنتۇلۇپ قېلىپ يەپ ئىچكەن بولسا، (ئېسىگە ئالغان ھامان يەپ ـ ئىچىشتىن توختاپ) رامىزاننى داۋاملاشتۇرۇپ تۇتىۋەرسۇن. چەزمەنكى ئۇنىڭغا ئاللاھ يېمەك ـ ئىچمەك بەرگەندۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

124 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ حَجَّ هَذَا الْبَيْتَ فَلَمْ يَرْفُثْ وَلَمْ يَفْسُقْ رَجَعَ كَيَوْمِ وَلَدَتْهُ أُمُّهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بۇ بەيتۇللاھنى ھەج قىلىپ، سەت گەپ ۋە پاسىقلىق قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ھەجدىن ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە (گۇناھسىز) قايتىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

125 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ لِأَرْبَعٍ لِمَالِهَا وَلِحَسَبِهَا وَلِجَمَالِهَا وَلِدِينِهَا فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدِّينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: (ئادەتتە كىشىلەر ئايال كىشىنىڭ ئىقتىسادى، نەسەبى، چىرايى ۋە دىنىدىن ئىبارەت تۆت نەرسىسىنى ھىساپقا ئېلىپ ئۆيلىنىدۇ. قانداق بولشىدىن قەتئىينەزەر سەن دىندارنى ئالغىن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

126 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَا بَيْنَ بَيْتِي وَمِنْبَرِي رَوْضَةٌ مِنْ رِيَاضِ الْجَنَّةِ وَمِنْبَرِي عَلَى حَوْضِي

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىسىدا جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا بار. مېنىڭ مۇنبىرىم ھەۋزى كەۋسىرىمنىڭ ئۈستىدىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

127 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُسَلِّمُ الرَّاكِبُ عَلَى الْمَاشِي وَالْمَاشِي عَلَى الْقَاعِدِ وَالْقَلِيلُ عَلَى الْكَثِيرِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: قاتناشتا كېتىۋاتقان

ئادەم پىيادە ماڭغان ئادەمگە سالام قىلىدۇ. پىيادە ماڭغان ئادەم ئولتۇرغان ئادەمگە سالام قىلىدۇ. ئاز سانلىق كۆپ سانلىقا سالام قىلىدۇ.

ھەدىسنىڭ بۇخارى رىۋايەت قىلغان ۋارىيانتىدا "كىچىكلەر چوڭلارغا سالام قىلىدۇ" دېيىلگەن

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**128. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ لَا يَرْحَمُ لَا يُرْحَمُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى (باشقىلارغا) رەھىم قىلمايدىكەن (ئاللاھنىڭ) رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**129. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ بَيْنَمَا رَجُلٌ يَمْشِي بِطَرِيقٍ وَجَدَ غُصْنَ شَوْكٍ عَلَى الطَّرِيقِ فَأَخَذَهُ فَشَكَرَ اللَّهُ لَهُ فَغَفَرَ لَهُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەينى زاماندا بىر ئادەم بىر يولدا كېتىۋېتىپ، يولدا بىر تىكەنلىك دەرەخ شېخىنى كۆرۈپ (باشقىلارغا سانچىلىپ ئازار بولمىسۇن

دەپ) ئۇنى (بىر چەتكە) ئىلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭ (گۇناھلىرىنى) مەغپىرەت قىلىۋەتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**130. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يُسْتَجَابُ لِأَحَدِكُمْ مَا لَمْ يَعْجَلْ يَقُولُ دَعَوْتُ فَلَمْ يُسْتَجَبْ لِي**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر كىمنىڭ دۇئاسى "(شۇنچە) دۇئا قىلدىم، ئىجابەت بولمىدى" دەپ ئالدىراپ قالمىسىلا ئىجابەت قىلىنىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**131. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا تَقُومُ السَّاعَةُ حَتَّى يَمُرَّ الرَّجُلُ بِقَبْرِ الرَّجُلِ فَيَقُولُ يَا لَيْتَنِي مَكَانَهُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: (زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن) كاشكى مەن شۇ

(قەبرىــــدىكى) ئادەمنىـــڭ ئورنىـــدا بولغـــان بولســـام ـ هە؟! دەيدىغان هالەتكە كەلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس.

132. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَقُلْ أَحَدُكُمُ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي إِنْ شِئْتَ ارْحَمْنِي إِنْ شِئْتَ ارْزُقْنِي إِنْ شِئْتَ وَلْيَعْزِمْ مَسْأَلَتَهُ إِنَّهُ يَفْعَلُ مَا يَشَاءُ لَا مُكْرِهَ

ئەبـى هـۇرەيرە رەزىيەللاهـۇ ئەنهۇنـىـڭ هەدىسـى، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاهۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېـگەن: «ئـى ئـاللاھ خالىســاڭ مېنــى مەغپىــرەت قىلغىــن. خالىســاڭ ماڭــا رەهــم قىلغىــن. خالىســاڭ ماڭــا رىزىــق بەرگىـــن» دىمەڭــلار. (هەر كىـــم) ئۆزىنىـــڭ تىلىكىنـــى كېســـىپلا تىلىســۇن. ئـــاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ. ئاللاهنى زورلايدىغان هېچكىم يوق.

بىرلىككە كېلىنگەن هەدىس.

133. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَتَمَنَّى أَحَدُكُمُ الْمَوْتَ إِمَّا مُحْسِنًا فَلَعَلَّهُ يَزْدَادُ وَإِمَّا مُسِيئًا فَلَعَلَّهُ يَسْتَعْتِبُ

ئەبـى هـۇرەيرە رەزىيەللاهـۇ ئەنهۇنـىـڭ هەدىسـى، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاهۇ ئەلەيهـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېـگەن: هېچبىـرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن. كىشى ياخشى ئادەم بولسا، بەلكىـم ئـۇ تېخىمـۇ كـۆپ ياخشـىلىق قىلىشـقا مۇيەسسەر بولۇشى مۇمكىن. (هەدىسنىڭ

بۇخارى رىۋايەت قىلغان ۋارىيانتىدا): "يامان ئىش قىلغۇچى بولسا بەلكىم ئۇ يامانلىقتىن تەۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن" دېيىلگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**134. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا عَطَسَ أَحَدُكُمْ فَلْيَقُلْ الْحَمْدُ لِلَّهِ وَلْيَقُلْ لَهُ أَخُوهُ أَوْ صَاحِبُهُ يَرْحَمُكَ اللَّهُ فَإِذَا قَالَ لَهُ يَرْحَمُكَ اللَّهُ فَلْيَقُلْ يَهْدِيكُمُ اللَّهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار چۈشكۈرسە «ئەلھەمدۇلىللاھ» (ئاللاھقا شۈكرى) دېسۇن. ئۇنىڭغا قارىتا قېرىندىشى ياكى سەبدىشى «يەرھەمۇكەللاھ» (ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن) دېسۇن. ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن دېگەن كىشىگە چۈشكۈرگۈچى: يەھدىيكۇمۇللاھ ۋەيۇسلىھۇ بالەكۇم (ئاللاھ ھىدايەت قىلىپ، ئىشلىرىڭلارنى ئىسلاھ قىلسۇن) دېسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**135. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ سَتَكُونُ فِتَنٌ الْقَاعِدُ فِيهَا خَيْرٌ مِنْ الْقَائِمِ وَالْقَائِمُ فِيهَا خَيْرٌ مِنْ الْمَاشِي وَالْمَاشِي فِيهَا خَيْرٌ مِنْ السَّاعِي مَنْ تَشَرَّفَ لَهَا تَسْتَشْرِفْهُ فَمَنْ وَجَدَ مِنْهَا مَلْجَأً أَوْ مَعَاذًا فَلْيَعُذْ بِهِ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېقىن كەلگۈسىدە بىر

تۈركۈم پىتنىلەر بولىدۇ. بۇ پىتنە دەۋرىدە ئولتۇرغان ئادەم ئۆرە تۇرغان ئادەمدىن ياخشىدۇر. ئۆرە تۇرغان ئادەم ماڭغان ئادەمدىن ياخشىدۇر. ماڭغان ئادەم يۈگۈرگەن ئادەمدىن ياخشىدۇر. كىمكى بۇ پىتنىگە ئالاھىدە قارىسا (دىققىتىنى بەرسە، پېيىدە يۈرسە) پىتنە ئۇ ئادەمنى دۇم چۈشۈرىدۇ. (ئۇ ئادەمنىڭ ھالاك بولۇش ئېھتىمالى زورىيىدۇ.) ئۇ پىتنىدىن قاچىدىغان ئورۇن ياكى پاناگاھ تاپالايدىغان ئادەملەر شۇ پاناگاھتا پاناھلانسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**136. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا تَقُومُ السَّاعَةُ حَتَّى تُقَاتِلُوا الْيَهُودَ حَتَّى يَقُولَ الْحَجَرُ وَرَاءَهُ الْيَهُودِيُّ يَا مُسْلِمُ هَذَا يَهُودِيٌّ وَرَائِي فَاقْتُلْهُ. وزاد مسلم: إلاَّ الْغَرْقَدُ فَإِنَّهُ مِنْ شَجَرِ الْيَهُودِ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. (شۇ ئۇرۇشتا) ھەتتا ئارقىسىغا يەھۇدىي ئۇ يوشۇرۇنغان تاشمۇ: ئى مۇسۇلمان، بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامدا بار. ئۇنى ئۆلتۈرگىن دەيدۇ.

ھەدىسنىڭ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ۋارىيانتىدا: غەرقەد دەرىخىلا بۇنداق دېمەيدۇ. غەرقەد يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر دېيىلگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

137. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّهُ لَيَأْتِي الرَّجُلُ الْعَظِيمُ السَّمِينُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَا يَزِنُ عِنْدَ اللَّهِ جَنَاحَ بَعُوضَةٍ وَقَالَ اقْرَءُوا «فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا»

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھەر سېمىز يوغان ئادەم كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى تارازىدا كومۇتچىلىك (پاشىنىڭ بالىسىچىلىك) ئېغىر كەلمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «فَلَا نُقِيمُ لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزْنًا» [قىيامەت كۈنى ئۇلارنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمايمىز] ئايىتىنى ئوقۇڭلار ـ دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

138. عَنْ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالْحُمَّى

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ ئۆزئارا بىر بىرىگە مېھىر ـ مۇھەببەت، رەھىم ـ شەپقەت ۋە مۇلايىملىقىدىكى مىسالى، بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، باشقا ئەزالار ئۇيقۇسىزلىق ۋە قىزىتىش ئارقىلىق تەڭ دەرىت

تارتىدىغان بىر تەنىنىڭ مىسالىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

139. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَتَقَارَبُ الزَّمَانُ وَيَنْقُصُ الْعَمَلُ وَيُلْقَى الشُّحُّ وَيَكْثُرُ الْهَرْجُ قَالُوا وَمَا الْهَرْجُ قَالَ الْقَتْلُ الْقَتْلُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت كۈنى يېقىنلاشقاندا) ۋاقىت يېقىنلايدۇ. (ۋاقىت قىسقىرايدۇ ياكى ۋاقىتنىڭ بەركىتى بولمايدۇ.) ئەمەل ئازىيىدۇ. (ئاغزىدا ئەمەل قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ.) ئاچكۆزلۈك يامرايدۇ. (دىنى ئىمانى پۇلغا ئايلىنىدۇ.) ھەرج كۆپ بولىدۇ. ساھابىلار ھەرج دېگەن نىمە؟ دەپ سورىغان ئىدى رەسۇلۇللاھ: ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

140. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْ يَعْلَمُ النَّاسُ مَا فِي النِّدَاءِ وَالصَّفِّ الْأَوَّلِ ثُمَّ لَمْ يَجِدُوا إِلَّا أَنْ يَسْتَهِمُوا عَلَيْهِ لَاسْتَهَمُوا وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِي التَّهْجِيرِ لَاسْتَبَقُوا إِلَيْهِ وَلَوْ يَعْلَمُونَ مَا فِي الْعَتَمَةِ وَالصُّبْحِ لَأَتَوْهُمَا وَلَوْ حَبْوًا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەملەر ئەزان

بىلەن ئالدىنقى سەپنىڭ پەزىلىتىنى بىلسە، ئاندىن ئالدىنقى سەپكە چەك تاشلىماي تۇرۇپ ئىرىشكىلى بولمايدىغان بولسا چوقۇم چەك تاشلاشقان بولاتتى. ئەگەر ئۇلار نامازغا بالدۇر بېرىشنىڭ پەزىلىتىنى بىلسە نامازغا بالدۇر بېرىشتا چوقۇم مۇسابىقىلەشكەن بولاتتى. ئەگەر ئۇلار خۇپتەن بىلەن بامداتنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن بولسا بۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ چوقۇم كەلگەن بولاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

141 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْلَا أَنَّ رِجَالًا مِنْ الْمُؤْمِنِينَ لَا تَطِيبُ أَنْفُسُهُمْ أَنْ يَتَخَلَّفُوا عَنِّي وَلَا أَجِدُ مَا أَحْمِلُهُمْ عَلَيْهِ مَا تَخَلَّفْتُ عَنْ سَرِيَّةٍ تَغْزُو فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوَدِدْتُ أَنِّي أُقْتَلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ ثُمَّ أُحْيَا ثُمَّ أُقْتَلُ ثُمَّ أُحْيَا ثُمَّ أُقْتَلُ ثُمَّ أُحْيَا ثُمَّ أُقْتَلُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: مەن جەڭگە چىقىپ كەتسەم، چىقماي قېلىپ قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، جەڭگە ئېلىپ چىقاي دېسەم مىنىدىغان ئۇلاغ تېپىپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنى دېمەيدىغان بولسام، ئاللاھ يولىدا جەڭگە چىققان ھېچبىر قوشۇندىن قېلىپ قالمىغان بولاتتىم. ئاللاھ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىمەنكى، مەن ئاللاھ يولىدا

ئۆلتۇرۇلسەم ئاندىن تىرىلدۈرۈلسەم، يەنە ئۆلتۈرۈلسەم يەنە تىرىلدۈرۈلسەم، يەنە ئۆلتۈرۈلسەم يەنە تىرىلدۈرۈلسەم ئاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلسەم دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**142 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِذَا أُقِيمَتْ الصَّلَاةُ فَلَا تَأْتُوهَا تَسْعَوْنَ وَأْتُوهَا تَمْشُونَ عَلَيْكُمُ السَّكِينَةَ فَمَا أَدْرَكْتُمْ فَصَلُّوا وَمَا فَاتَكُمْ فَأَتِمُّوا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، سىلەر نامازغا يۈگۈرگەن ھالدا ئەمەس (نورمال) مېڭىپ كېلىڭلار. تەمكىن بولۇڭلار. (نامازغا ئىمام بىلەن) ئۈلگۈرەلىسەڭلار (بىللە) ئوقۇڭلار. ئۈلگۈرەلمىگەن قىسمىنى ئۆزۈڭلار تاماملىۋېلىڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**143 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَا يَزَالُ قَلْبُ الْكَبِيرِ شَابًّا فِي اثْنَتَيْنِ فِي حُبِّ الدُّنْيَا وَطُولِ الْأَمَلِ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياشانغانلارنىڭ قەلبى مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرۈش بىلەن ئارزۇنىڭ كۆپلىكىدىن

ئىبارەت ئىككى نەرسىدە (قىرىماستىن) ياش تۇرىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

144 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يُشِيرُ أَحَدُكُمْ إِلَى أَخِيهِ بِالسِّلَاحِ فَإِنَّهُ لَا يَدْرِي أَحَدُكُمْ لَعَلَّ الشَّيْطَانَ يَنْزِعُ فِي يَدِهِ فَيَقَعُ فِي حُفْرَةٍ مِنَ النَّارِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلار قېرىندىشىغا قۇرال بىلەن ئىشارەت قىلمىسۇن. (بۇ پالانى دەپ كۆرسەتمەكچى بولغان ئەھۋالدىمۇ تىغلىق ئەسۋاپ بىلەن ئىشارەت قىلمىسۇن) ھېچكىم شەيتاننىڭ ئۇنىڭ قولىنى تارتىۋېتىپ (كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ) ئۆزىنىڭ دوزاخنىڭ ئازگاللىرىدىن بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىدىغان كەتمەيدىغىنىنى بىلمەيدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

145 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ عَلَيْهِ السلام لَأَنْ يَحْتَطِبَ أَحَدُكُمْ حُزْمَةً عَلَى ظَهْرِهِ خَيْرٌ لَهُ مِنْ أَنْ يَسْأَلَ أَحَدًا فَيُعْطِيَهُ أَوْ يَمْنَعَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ ئەكىلىپ ئوتۇنچىلىق قىلىشى، ئۇنىڭ ـ بەرسۇن ياكى

بەرمسۇن ـ بىراۋدىن بىر نەرسە تىلىگىنىدىن ياخشىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

146 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ آمُرَ بِحَطَبٍ فَيُحْطَبَ ثُمَّ آمُرَ بِالصَّلَاةِ فَيُؤَذَّنَ لَهَا ثُمَّ آمُرَ رَجُلًا فَيَؤُمَّ النَّاسَ ثُمَّ أُخَالِفَ إِلَى رِجَالٍ فَأُحَرِّقَ عَلَيْهِمْ بُيُوتَهُمْ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەن ئوتۇنغا بۇيرىسام تەييار قىلىنسا، ئاندىن نامازغا بۇيرىسام ئەزان ئېيتىلسا، ئاندىن بىر ئادەمنى كىشىلەرگە ئىمام بولۇشقا بۇيرۇپ، ئارقىدىن نامازغا كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئۇلارنى ئۆيلىرى بىلەن (قوشۇپ) كۆيدۈرىۋەتسەم دەپ ئويلاپ قالدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

147 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ يَوْمٍ يُصْبِحُ الْعِبَادُ فِيهِ إِلَّا مَلَكَانِ يَنْزِلَانِ فَيَقُولُ أَحَدُهُمَا اللَّهُمَّ أَعْطِ مُنْفِقًا خَلَفًا وَيَقُولُ الْآخَرُ اللَّهُمَّ أَعْطِ مُمْسِكًا تَلَفًا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاڭ ئاتقان ھەر كۈنى ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ بىرى: «ئى ئاللاھ (توغرا يولغا)

خىراجەت قىلغۇچىغا خىراجىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن»
دېسە، يەنە بىرى «ئى ئاللاھ پىخسىقلارغا تالاپەت بەرگىن» دەيدۇ.
بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**148. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَقُولُ اللَّهُ تَعَالَى مَا لِعَبْدِي الْمُؤْمِنِ عِنْدِي جَزَاءٌ إِذَا قَبَضْتُ صَفِيَّهُ مِنْ أَهْلِ الدُّنْيَا ثُمَّ احْتَسَبَهُ إِلَّا الْجَنَّةُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن بولغان بىر ئىپسىل نەرسىسىنى (ئادەم ياكى شەيئى بولسۇن) تارتىۋالسام، ئۇ (سەبىر قىلىپ) ساۋاپ ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭ مېنىڭ دەرگاھىمدىكى موكاپاتى پەقەتلا جەننەت بولىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**149. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَأْتِي عَلَى النَّاسِ زَمَانٌ لَا يُبَالِي الْمَرْءُ مَا أَخَذَ مِنْهُ أَمِنَ الْحَلَالِ أَمْ مِنَ الْحَرَامِ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەملەرنىڭ

بىشــغا شــۇنداق بىــر ۋاقــتلار كېلــدۇكى، ئىنســانلار ئالغــان نەرســـــىنىڭ نىمـــــدىن بولشـــغا ـ هالالـــدىنمۇ يـــاكى هارامدىنمۇ ـ پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**150 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ عَجِبَ اللَّهُ مِنْ قَوْمٍ يَدْخُلُونَ الْجَنَّةَ فِي السَّلَاسِلِ**

ئەبــى هــۇرەيرە رەزىيەللاهــۇ ئەنهۇنــىڭ هەدىســى، رەســۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنــداق دېــگەن: ئــالله جەنــنەتكە زەنجىرلەر بىلەن كىرگەن ئادەملەردىن مەمنۇن بولىدۇ.[3]

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**151 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ تَصَدَّقَ بِعَدْلِ تَمْرَةٍ مِنْ كَسْبٍ طَيِّبٍ وَلَا يَقْبَلُ اللَّهُ إِلَّا الطَّيِّبَ وَإِنَّ اللَّهَ يَتَقَبَّلُهَا بِيَمِينِهِ ثُمَّ يُرَبِّيهَا لِصَاحِبِهِ كَمَا يُرَبِّي أَحَدُكُمْ فَلُوَّهُ حَتَّى تَكُونَ مِثْلَ الْجَبَلِ**

ئەبــى هــۇرەيرە رەزىيەللاهــۇ ئەنهۇنــىڭ هەدىســى، رەســۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى هالالــدىن تاپقان ـ ئــالله پەقەت هــالالنىلا قوبــۇل قىلــىدۇ ـ بىــر خورمــا

3. بۇ هەدىس ئەسىر چۈشۈپ كاپىرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مۆئمىنلەردىن سىرىت، كاپىر هالىتىدە ئەسىر چۈشۈپ، كېيىن مۇسۇلمان بولغان ۋە مۇسۇلمان هالىتىدە ئۆلگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

چاغلىق بىر نەرسىنى سەدىقە قىلغان بولسا، ئاللاھ ئۇ سەدىقىنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئىگىسى ئۇچۇن تاكى ئۇ تاغدەك بولغانغا قەدەر ـ خۇددى بىرىڭلار ئۆزىنىڭ تېيىنى پەرۋىش قىلغاندەك ـ پەرۋىش قىلىپ بېرىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

152 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اللَّهُ تعالى أَعْدَدْتُ لِعِبَادِي الصَّالِحِينَ مَا لَا عَيْنٌ رَأَتْ وَلَا أُذُنٌ سَمِعَتْ وَلَا خَطَرَ عَلَى قَلْبِ بَشَرٍ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دېدى: مەن سالىھ بەندىلىرىم ئۇچۇن ھېچبىر كۆز كۆرۈپ باقمىغان، ھېچبىر قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ھېچبىر ئىنساننىڭ خىيالىغا كېلىپ باقمىغان نەرسىلەرنى (مۇكاپات قىلىپ) تەييارلاپ قويدۇم.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

153 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ كَانَتْ عِنْدَهُ مَظْلِمَةٌ لِأَخِيهِ فَلْيَتَحَلَّلْهُ مِنْهَا فَإِنَّهُ لَيْسَ ثَمَّ دِينَارٌ وَلَا دِرْهَمٌ مِنْ قَبْلِ أَنْ يُؤْخَذَ لِأَخِيهِ مِنْ حَسَنَاتِهِ فَإِنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ حَسَنَاتٌ أُخِذَ مِنْ سَيِّئَاتِ أَخِيهِ فَطُرِحَتْ عَلَيْهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلىپ قويغان ئىشى بولسا ئۇنىڭدىن رازىلىق ئېلىۋالسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دۇنيادا ئەسلا پۇل ـ پۇچەك بولمايدۇ. دۇنيادا (زۇلۇمغا ئۇچرىغان) قېرىندىشىغا زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ساۋابلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ قىلغان ساۋابلىرى بولمىسا، (زۇلۇمغا ئۇچرىغان) قېرىندىشىنىڭ گۇناھلىرى ئېلىنىپ زۇلۇم قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ قويۇلىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**154 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ أَطَاعَنِي فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ وَمَنْ يَعْصِنِي فَقَدْ عَصَى اللَّهَ وَمَنْ يُطِعْ الْأَمِيرَ فَقَدْ أَطَاعَنِي وَمَنْ يَعْصِ الْأَمِيرَ فَقَدْ عَصَانِي**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئىتائەت قىلغان ئادەم ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. ماڭا ئاسىي بولغان ئادەم ئاللاھقا ئاسىي بولغان بولىدۇ. (شەرئى) ئەمىرگە ئىتائەت قىلغان ئادەم ماڭا ئىتائەت قىلغان، ئەمىرگە ئاسىي بولغان ئادەم ماڭا ئاسىي بولغان بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**155 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ كَانَ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَوْ تَعْلَمُونَ مَا أَعْلَمُ لَضَحِكْتُمْ قَلِيلًا وَلَبَكَيْتُمْ كَثِيرًا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن بىلگەننى بىلسەڭلار ئاز كۇلۇپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**156 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ دَاءً إِلَّا أَنْزَلَ لَهُ شِفَاءً**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ھەر قانداق بىر كېسەل چۈشۈرگەن (ياراتقان) بولسا، ئۇ كېسەلگە چوقۇم دەۋا چۈشۈرگەن (ياراتقان).

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**157 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ انْظُرُوا إِلَى مَنْ أَسْفَلَ مِنْكُمْ وَلَا تَنْظُرُوا إِلَى مَنْ هُوَ فَوْقَكُمْ فَهُوَ أَجْدَرُ أَنْ لَا تَزْدَرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر (دۇنيالىق مەسىلىسىدە) ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى كىشىلەرگە ئەمەس تۆۋەن كىشىلەرگە قاراڭلار. شۇندىلا ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى تۆۋەن كۆرمەيسىلەر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

158 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ سَأَلَ النَّاسَ أَمْوَالَهُمْ تَكَثُّرًا فَإِنَّمَا يَسْأَلُ جَمْرًا فَلْيَسْتَقِلَّ أَوْ لِيَسْتَكْثِرْ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېلىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە كىشىلەردىن تىلىگەنلەر (قىيامەتتىكى) دوزاخنىڭ چوغىنى تىلىگەن بولىدۇ. (شۇنىڭغا قارىتا خالىغىنىچە) ئاز تىلىسۇن، مەيلى جىق تىلىسۇن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

159 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يَجْزِي وَلَدٌ وَالِدًا إِلَّا أَنْ يَجِدَهُ مَمْلُوكًا فَيَشْتَرِيَهُ فَيُعْتِقَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا دادىسىنىڭ (ئۆزىگە قىلغان) ئەجرىنى دادىسىنى پەقەت قۇل ھالەتتە ئۇچرىتىپ، ئۇنى سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتكەندىلا ئاندىن قايتۇرۇپ بولالايدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

160. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ الدِّينَ يُسْرٌ وَلَنْ يُشَادَّ الدِّينَ أَحَدٌ إِلَّا غَلَبَهُ فَسَدِّدُوا وَقَارِبُوا

وَأَبْشِرُوا وَاسْتَعِينُوا بِالْغَدْوَةِ وَالرَّوْحَةِ وَشَيْءٍ مِنَ الدُّلْجَةِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دىن قولايدۇر. كىم دىنغا قاتتىقلىق قىلسا چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار. ئۈزئارا يېقىن بولۇڭلار. رىغبەتلەندۇرۇڭلار. ئەتىگەن ئاخشىمى ۋە كېچىنىڭ بىر قىسمىدا ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

161. عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَنْ اقْتَنَى كَلْبًا لَيْسَ بِكَلْبِ مَاشِيَةٍ أَوْ ضَارِيَةٍ نَقَصَ كُلَّ يَوْمٍ مِنْ عَمَلِهِ قِيرَاطَانِ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى پادىچى ئىتى ياكى ئوۋ ئىتىدىن باشقا، ھەر قانداق ئىت باقسا ئادەمنىڭ ئەمەلىدىن ھەر كۈنى ئىككى قىيرات كېمىيىپ تۇرىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

162. عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّهُ سَمِعَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ وَيْلَكُمْ لَا تَرْجِعُوا بَعْدِي كُفَّارًا يَضْرِبُ بَعْضُكُمْ رِقَابَ بَعْضٍ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ

مۇنداق دېدى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: سىلەرگە ئېچىنىمەن. سىلەر مەن (دۇنيادىن) كەتكەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ گەدىنىگە ئۇرۇپ (يەنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، ئۆلتۈرۈشۈپ) كاپىر بولۇپ كەتمەڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس. مەنبە مۇسلىم.

**163. عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يُقِيمُ الرَّجُلُ الرَّجُلَ مِنْ مَجْلِسِهِ ثُمَّ يَجْلِسُ فِيهِ وَلَكِن تَفَسَّحُوا وَتَوَسَّعُوا**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن. لېكىن يۇرۇشۇڭلار، ئورۇننى ئازادە قىلىڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**164. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا كَانُوا ثَلَاثَةً فَلَا يَتَنَاجَى اثْنَانِ دُونَ الثَّالِثِ وفِي رِوايةٍ فإنَّ ذلك يُحزِنُهُ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئادەم بولسا بىرىنى ئايرىپ قويۇپ ئىككى ئادەم

پىچىرلاشمىسۇن.

ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا "بۇ ئۇچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ" دېيىلگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

165. عَنْ عَبدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّمَا مَثَلُ صَاحِبِ الْقُرْآنِ كَمَثَلِ صَاحِبِ الْإِبِلِ الْمُعَقَّلَةِ إِنْ عَاهَدَ عَلَيْهَا أَمْسَكَهَا وَإِنْ أَطْلَقَهَا ذَهَبَتْ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان يادلىغان ئادەم چۇشەپ قويۇلغان (پۇتى باغلاپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان) تۆگىنىڭ ئىگىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ تۆگىنى يوقلاپ تۇرسا ساقلاپ قالالايدۇ. (كارى بولماي) قويىۋەتسە ئۇ تۆگە (قېچىپ) كېتىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

166. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَليهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ الْغَادِرَ يُرْفَعُ لَهُ لِوَاءٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ يُقَالُ هَذِهِ غَدْرَةُ فُلَانِ بْنِ فُلَانٍ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

قىيامەت كۈنى (ماددىي ياكى مەنىۋى بولسۇن خىيانەتلەرنى قىلغان ياكى قىلغان توختام ۋە ئەھدىسىدە تۇرمىغان) خائىنلار ئۈچۈن بىر بايراق چىقىرىلىپ، بۇ "پالان ئوغلى پالانىنىڭ خىيانىتى" دىيىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**167. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ أَرَأَيْتُمْ لَوْ أَنَّ نَهَرًا بِبَابِ أَحَدِكُمْ يَغْتَسِلُ فِيهِ كُلَّ يَوْمٍ خَمْسَ مَرَّاتٍ هَلْ يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ قَالُوا لَا يَبْقَى مِنْ دَرَنِهِ شَيْءٌ قَالَ فَذَلِكَ مِثْلُ الصَّلَوَاتِ الْخَمْسِ يَمْحُو اللَّهُ بِهِنَّ الْخَطَايَا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەپ بېقىڭلارچۇ؟! ئەگەر بىرىڭلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولسا، ئۇ ئادەم ھەر كۈنى ئۇ ئۆستەڭدە بەش قېتىم يۇيۇنسا ئۇ ئادەمدە كىر قالامدۇ؟ ساھابىلار: ياق، كىر قالمايدۇ ــ دەپ جاۋاپ بېرىشكەن. رەسۇلۇللاھ: ئەنە شۇ بەش ۋاقىت نامازنىڭ مىسالىدۇر. ئاللاھ ئۇ نامازلار بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ ــ دېگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس. مەنبە مۇسلىم

**168. عَنْ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: لَنْ يَزَالَ الْمُؤْمِنُ فِي فُسْحَةٍ مِنْ دِينِهِ مَا لَمْ يُصِبْ دَمًا حَرَامًا**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ناھەق قان تۆكۈشكە چېتىشلىق بولۇپ قالمىسلا، مۆئمىن ئۆز دىنىدىن دائىم بىر كەڭچىلىك ئىچىدە بولىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**169 . عَنِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ مِنْ دُعَاءِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ وَتَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ وَفُجَاءَةِ نِقْمَتِكَ وَجَمِيعِ سَخَطِكَ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىنىڭ بىرى «**اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ وَتَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ وَفُجَاءَةِ نِقْمَتِكَ وَجَمِيعِ سَخَطِكَ**» «ئى ئاللاھ، مەن ساڭا سىغىنىپ سېنىڭ نىئمىتىڭنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن، (بىزگە ئاتا قىلغان) خاتىرجەملىكىڭنىڭ يۆتكىلىپ كەتكەن بولىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن، پۈتكۈل غەزىپىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن» (دىن ئىبارەت) ئىدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**170 . عَنْ عَبْد اللَّهِ بْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قال سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ خَلَعَ يَدًا مِنْ طَاعَةٍ لَقِيَ اللَّهَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَا حُجَّةَ لَهُ وَمَنْ مَاتَ وَلَيْسَ فِي عُنُقِهِ بَيْعَةٌ مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيَّةً**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى (ئىسلامى ئەمىرگە) ئىتائەتتىن قولىنى تارتسا، قىيامەت كۈنى (ئىتائەتسىزلىكىنى ئاقلايدىغان، ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) ئىسپاتى يوق ھالەتتە ئاللاھقا مۇلاقات بولىدۇ. كىمكى (ئىسلامى بىر ئەمىرگە) بەيئەتسىز ھالەتتە ئۆلسە ئۇ ئادەم جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**171. عَنْ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنْتُ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفَرٍ فَلَمَّا قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ قَالَ لِي ادْخُلْ الْمَسْجِدَ فَصَلِّ رَكْعَتَيْنِ**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر سەپەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىللەن بىللە ئىدىم. بىز مەدىنىگە كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ماڭا: مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن ــ دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**172. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ كُلُّ مَعْرُوفٍ صَدَقَةٌ**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر بىر ياخشى ئىش بىر سەدىقىدۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**173. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رَحِمَ اللَّهُ رَجُلًا سَمْحًا إِذَا بَاعَ وَإِذَا اشْتَرَى وَإِذَا اقْتَضَى**

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، جابىر مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ساتقان، سېتىۋالغان ۋە قەرز سۇيلىگەن ۋاقىتتا كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتقان ئادەمگە ئاللاھ رەھىم قىلسۇن.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**174. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ قَالَ حِينَ يَسْمَعُ النِّدَاءَ «اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلَاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ» حَلَّتْ لَهُ شَفَاعَتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، جابىر مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەزاننى ئاڭلىغان چاغدا **«اللَّهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلَاةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ وَالْفَضِيلَةَ وَابْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِي وَعَدْتَهُ»** "ئى ئاللاھ، ئى بۇ مۇكەممەل چاقىرىقنىڭ، ھازىر بولغان نامازنىڭ رەببى بولغان ئاللاھىم! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ساڭا بولغان

يېقىنلىقنى ۋە پەزىلەتنى ئاتا قىلغىن. سەن ئۇنى ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان ماختاشقا لايىق ماقامدا تىرىلدۈرگىن" دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەم مېنىڭ شاپائىتىمگە لايىق بولىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

175 . عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ فِي اللَّيْلِ لَسَاعَةً لَا يُوَافِقُهَا رَجُلٌ مُسْلِمٌ يَسْأَلُ اللَّهَ خَيْرًا مِنْ أَمْرِ الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ إِلَّا أَعْطَاهُ إِيَّاهُ وَذَلِكَ كُلَّ لَيْلَةٍ

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، جابىر مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە بىر ۋاقىت بار بولۇپ، قايسى بىر مۇسۇلمان دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقنى تىلەپ، شۇ ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا تىلىگەن شۇ ياخشىلىقنى چوقۇم بېرىدۇ. بۇ ۋاقىت ھەر كېچىدە بار.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

176 . عَنْ جابر بن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قال رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: إِنَّ عَلَى اللَّهِ عَزَّ وَجَلَّ عَهْدًا لِمَنْ يَشْرَبُ الْمُسْكِرَ أَنْ يَسْقِيَهُ مِنْ طِينَةِ الْخَبَالِ قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ وَمَا طِينَةُ الْخَبَالِ قَالَ عَرَقُ أَهْلِ النَّارِ أَوْ عُصَارَةُ أَهْلِ النَّارِ

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، جابىر مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالانىڭ مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ئىچكۈچىگە «خەبالنىڭ دۇغى»

نى ئىچۈرىمەن دېگەن ۋەدىسى بار. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، خەبالنىڭ دۇغى دېگەن نىمە؟ دېگىنىدە رەسۇلۇللاھ: دوزاخ ئەھلىنىڭ تەرى ياكى دوزاخ ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭىدۇر ـ دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**177. عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ خَافَ أَنْ لَا يَقُومَ مِنْ آخِرِ اللَّيْلِ فَلْيُوتِرْ أَوَّلَهُ وَمَنْ طَمِعَ أَنْ يَقُومَ آخِرَهُ فَلْيُوتِرْ آخِرَ اللَّيْلِ فَإِنَّ صَلَاةَ آخِرِ اللَّيْلِ مَشْهُودَةٌ وَذَلِكَ أَفْضَلُ**

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، جابىر مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىنىڭ ئاخىرىدا (كېچىلىك نەپلە نامازغا) قوپۇپ بولالماسلىقدىن ئەنسىرىگەن ئادەم ئاخشىمى ۋىتىر ئوقۇسۇن. كېچىنىڭ ئاخىرىدا قوپۇش ئۈمۈدى بار ئادەم كېچىنىڭ ئاخىرىدا ۋىتىر ئوقۇسۇن. كېچىنىڭ ئاخىرىنىڭ نامىزىغا (پەرىشتىلەر) ھازىر بولىدۇ. ئۇ ئەۋزەلدۇر ـ دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**178. عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَال سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ بَيْنَ الرَّجُلِ وَبَيْنَ الشِّرْكِ وَالْكُفْرِ تَرْكَ الصَّلَاةِ**

جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، جابىر مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: بىر (مۇسۇلمان) ئادەم بىلەن شېرىك ۋە كۇپرى ئارىسىدىكى پاسىل نامازنى تەرىك قىلىشتۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

179 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ لَا يَقْبِضُ الْعِلْمَ انْتِزَاعًا يَنْتَزِعُهُ مِنَ الْعِبَادِ وَلَكِنْ يَقْبِضُ الْعِلْمَ بِقَبْضِ الْعُلَمَاءِ حَتَّى إِذَا لَمْ يُبْقِ عَالِمًا اتَّخَذَ النَّاسُ رُءُوسًا جُهَّالًا فَسُئِلُوا فَأَفْتَوْا بِغَيْرِ عِلْمٍ فَضَلُّوا وَأَضَلُّوا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئىنسانلاردىن ئىلىمنى يۇلۇپ ئېلىۋېلىپ يوق قىلماستىن بەلكى ئىلىمنى، ئالىملارنى يىغىۋېلىش ئارقىلىق يوق قىلىدۇ. ئاللاھ بىرمۇ ئالىم قويماي يىغىۋالغىنىدا بولسا، ئۇلار بىلىمسىز باشلىقلارنى (يېتەكچى) قىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىلىمسىزلەر باشقىلار (پەتىۋا) سورىسا بىلمەستىن پەتىۋا بېرىپ، ئۆزلىرىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

180 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرِو بن العاص رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ لَمْ يَكُنْ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَاحِشًا وَلَا مُتَفَحِّشًا

وَكان يقول إِنَّ مِنْ أَخْيَرِكُمْ أَحْسَنَكُمْ خُلُقًا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلىن، سەت گەپ قىلىدىغان زات ئەمەس ئىدى. رەسۇلۇللاھ: سىلەرنىڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر ـ دەيتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**181 . عَـنْ عَبْـدِ اللَّهِ بْـنِ عَمْـرٍو بـن العـاص رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ قَـالَ قـال النَّـبِيّ صَـلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ لَـيْسَ الْوَاصِـلُ بِالْمُكَافِئِ وَلَكِنْ الْوَاصِلُ الَّذِي إِذَا قُطِعَتْ رَحِمُهُ وَصَلَهَا**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرنى قىلسا بىرنى قىلغۇچى (يەنى تۇققىنىم مېنى يوقلاپ كەلسە مەنمۇ يوقلاپ بارىمەن، يوقلىمىسا مەنمۇ يوقلىمايمەن دەيدىغان ئادەم) سىيلە ـ رەھىم قىلغۇچى ھېساپلانمايدۇ. سىيلە ـ رەھىم قىلغۇچى دېگەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ كەتكىنىدە ئۇنى (ئۈزۈپ قويماي يەتكۈزۈپ) تۇرىدىغان ئادەمدۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**182 . عَـنْ عَبْـدِ اللَّهِ بْـنِ عَمْـرٍو رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ قَـالَ: قَـالَ**

رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ الْمُقْسِطِينَ عِنْدَ اللَّهِ عَلَى مَنَابِرَ مِنْ نُورٍ عَنْ يَمِينِ الرَّحْمَنِ عَزَّ وَجَلَّ وَكِلْتَا يَدَيْهِ يَمِينٌ الَّذِينَ يَعْدِلُونَ فِي حُكْمِهِمْ وَأَهْلِيهِمْ وَمَا وَلُوا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھەققانىيەتچىلەر رەھمان تەئالانىڭ ئوڭ تەرىپىدە - ئاللاھنىڭ ھەر ئىككىلا تەرىپى ئوڭدۇر - نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدىدۇر. بۇلار ئۆز ھۆكۈملىرىدە، خوتۇن بالىلىرى ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ئادىل مۇئامىلىدە بولىدىغان ئادەملەردۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

183 . عَنْ جَرِيرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كُنَّا عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَنَظَرَ إِلَى الْقَمَرِ لَيْلَةً يَعْنِي الْبَدْرَ فَقَالَ إِنَّكُمْ سَتَرَوْنَ رَبَّكُمْ كَمَا تَرَوْنَ هَذَا الْقَمَرَ لَا تُضَامُّونَ فِي رُؤْيَتِهِ فَإِنْ اسْتَطَعْتُمْ أَنْ لَا تُغْلَبُوا عَلَى صَلَاةٍ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ غُرُوبِهَا فَافْعَلُوا ثُمَّ قَرَأَ «وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ»

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە

ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ كېچىدىكى تولۇن ئايغا قاراپ مۇنداق دېدى: سىلەر رەببىڭلارنى موشۇ ئاينى كۆرگەندەك كۆرىسىلەر. ئۇنى كۆرۈشتە (قىستىلىشىپ) قىينىلىپ قالمايسىلەر. ئەگەر سىلەر كۈن چىقىش ۋە كۈن كىرىشنىڭ ئالدىدا بىر نامازنى قولدىن بەرمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلالىساڭلار شۇنداق قىلىڭلار. ئاندىن رەسۇلۇللاھ «**وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ**» «كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن. ھەمدى ئېيتقىن» دېگەن ئايەتنى قىرائەت قىلدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**184 . عَنْ جَرِيرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ بَايَعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى إِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ وَالنُّصْحِ لِكُلِّ مُسْلِمٍ**

جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نامازنى بەرپا قىلىش، زاكات بېرىش، ھەر بىر مۇسۇلمانغا سەمىمى ساداقەتمەن بولۇش (شەرتى) ئاساسىدا بەيئەت قىلدىم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**185 . عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ هَذِهِ النَّارَ إِنَّمَا هِيَ عَدُوٌّ لَكُمْ فَإِذَا نِمْتُمْ فَأَطْفِئُوهَا عَنْكُمْ**

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېــــگەن: ھەقــــقەتەن بـــۇ ئـــوت ســــلەرگە دۈشــــمەندۇر. ئۇخلساڭلار (ئۆيۈڭلاردىن) ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

186 . عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبي صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: مۆئمىن مۆئمىنگە نىسبەتەن بىر بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان (مۇستەھكەم) بىنالارغا ئوخشاشتۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

187 . عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ لَيُمْلِي لِلظَّالِمِ حَتَّى إِذَا أَخَذَهُ لَمْ يُفْلِتْهُ قَالَ ثُمَّ قَرَأَ «وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ»

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ زالىمغا پۇرسەت بېرىدۇ. (يەنى دەرھال جازالىمايدۇ) تۇتقاندا بولسا قاچۇرۇپ قويمايدۇ. ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ئاندىن رەسۇلۇللاھ: «وَكَذَلِكَ أَخْذُ رَبِّكَ إِذَا أَخَذَ الْقُرَى وَهِيَ ظَالِمَةٌ إِنَّ أَخْذَهُ أَلِيمٌ شَدِيدٌ» [پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلار (ئاھالىسى) نى ھالاك قىلسا ئەنە شۇنداق ھالاك

قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر] دېگەن ئايەتنى قىرائەت قىلدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**188. عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ اللَّهَ عَزَّ وَجَلَّ يَبْسُطُ يَدَهُ بِاللَّيْلِ لِيَتُوبَ مُسِيءُ النَّهَارِ وَيَبْسُطُ يَدَهُ بِالنَّهَارِ لِيَتُوبَ مُسِيءُ اللَّيْلِ حَتَّى تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا**

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ كېچىدە ئۆزىنىڭ (قۇدرەت) قولىنى كۈندۈزى گۇناھ قىلغان ئادەم تەۋبە قىلسۇن دەپ ئېچىپ تۇرىدۇ. كۈندۈزدە كېچىسى گۇناھ قىلغان ئادەم تەۋبە قىلسۇن دەپ ئېچىپ تۇرىدۇ. (بۇ ئىش) تاكى كۈن غەربتىن چىققانغا قەدەر (داۋاملىشىدۇ.)

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**189. عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فُكُّوا الْعَانِيَ وأَطْعِمُوا الْجَائِعَ وَعُودُوا الْمَرِيضَ**

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئەبى مۇسا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسىرلەرنى (ئاسارەتتىن) قۇتۇلدۇرۇڭلار. ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىڭلار. كېسەللەرنى يوقلاڭلار.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**190 . عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا مَرِضَ الْعَبْدُ أَوْ سَافَرَ كُتِبَ لَهُ مِثْلُ مَا كَانَ يَعْمَلُ مُقِيمًا صَحِيحًا**

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر بەندە كېسەل بولسا ياكى (ھالال كەسىپ، ھالال نىيەت بىلەن) سەپەرگە چىقسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇ (مۇساپىر ياكى كېسەل بولغانلىقى سەۋەپلىك قىلالمىسىمۇ) ئۆيىدە تۇرغان، ساغلام ھالەتتە قىلىدىغىنىغا ئوخشاش (ساۋاپ) يېزىلىپ ماڭىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**191 . عَنْ أَبِي ذَرٍّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّهُ سَمِعَ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَا يَرْمِي رَجُلٌ رَجُلًا بِالْفُسُوقِ وَلَا يَرْمِيهِ بِالْكُفْرِ إِلَّا ارْتَدَّتْ عَلَيْهِ إِنْ لَمْ يَكُنْ صَاحِبُهُ كَذَلِكَ**

ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى پاسىقلىق بىلەن، كاپىرلىق بىلەن ئەيىپلىمىسۇن. بولمىسا قارشى تەرەپ ئۇنداق بولمىغان ئەھۋالدا ئۇ گەپ دېگۈچىنىڭ ئۆزىگە يانىدۇ.[4]

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

---

[4] . يەنى شەرئەتتە كاپىرنى كاپىر، كاپىر بولدى . . .دېسە ھېچنېمە بولمىغىنى، ھەتتا كاپىرنى كاپىر دەپ ئېتىقاد قىلىش تەلەپ قىلىنغىنى بىلەن كاپىر بولمىغان ئادەمنى كاپىر دېگەن كىشى شۇ سۆزنى دېگەنلىكى بىلەن ئېغىرگۇناھكار بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**192 . عَنْ أَبِي ذَرٍّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قِيلَ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَرَأَيْتَ الرَّجُلَ يَعْمَلُ الْعَمَلَ مِنَ الْخَيْرِ وَيَحْمَدُهُ النَّاسُ عَلَيْهِ قَالَ تِلْكَ عَاجِلُ بُشْرَى الْمُؤْمِنِ**

ئەبى زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئادەم ياخشى ئىشتىن بىرنى قىلسا، كىشىلەر ئۇنى ياخشى ئىش قىلدىغان ئادەم دەپ ماختىسا قانداق بولىدۇ؟ دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ مۆئمىنگە ئالدىنئالا بېرىلگەن بىشارەتتۇر. (يەنى نام چىقىرىش، ئالقىش ئېلىشنى مەقسەت قىلماستىن ماختاشقا سازاۋەر بولۇش، جەننەتتىكى ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھۆرمەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدۇر) دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**193 . عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَقُولُ عِنْدَ الْكَرْبِ: "لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ رَبُّ السَّمَوَاتِ وَرَبُّ الْأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ."**

ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنــىڭ ھەدىســى، رەسـۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا «لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ رَبُّ السَّمَوَاتِ وَرَبُّ الْأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ» «بۈيۈك ۋە مۇلايىم بىر

ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. بۇيۇك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى، كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دەيتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**194. عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَال سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ لَوْ كَانَ لِابْنِ آدَمَ وَادِيَانِ مِنْ مَالٍ لَابْتَغَى ثَالِثًا وَلَا يَمْلَأُ جَوْفَ ابْنِ آدَمَ إِلَّا التُّرَابُ وَيَتُوبُ اللَّهُ عَلَى مَنْ تَابَ**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ئەگەر ئادەم ئەۋلادى ئۈچۈن ئىككى ۋادىدا مال ـ مۈلۈك بولسا ئۈچىنچى بىرىنى تەلەپ قىلغان بولاتتى. ئادەمنىڭ قورسىقىنى توپىدىن باشقا نەرسە تولدۇرالمايدۇ. ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ تۆۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**195. عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الْبَيِّعَانِ بِالْخِيَارِ مَا لَمْ يَتَفَرَّقَا فَإِنْ صَدَقَا وَبَيَّنَا بُورِكَ لَهُمَا فِي بَيْعِهِمَا وَإِنْ كَذَبَا وَكَتَمَا مُحِقَتْ بَرَكَةُ بَيْعِهِمَا**

ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېلىم ـ سېھىر قىلغان ئىككى تەرەپ (سودا نەقمەيدانىدىن) ئايرىلىپ كەتمىسلا (سودىنى بۇزۇۋش بۇزماسلىقتا) ئىختىيارلىقتا ئىگە. ئەگەر ئۇلار راستچىل بولۇپ، (مالنىڭ ئەيىبىنى) بايان قىلسا سودىسىدا بەرىكەت تاپىدۇ. يالغان سۆزلەپ، (ئەيىبىنى) يوشۇرسا سودىسىنىڭ بەرىكتى ئۆچۈرىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**196. عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقَّاصٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ تَصَبَّحَ بِسَبْعِ تَمَرَاتٍ عَجْوَةً لَمْ يَضُرَّهُ ذَلِكَ الْيَوْمَ سُمٌّ وَلَا سِحْرٌ**

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: يەتتە دانە ئەجۋە خورمىسى[5] بىلەن ناشتا قىلغان ئادەمگە شۇ كۈنى ھېچقانداق زەھەر ياكى سېھىر تەسىر قىلمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**197. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْن مسعود رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ**

---

5. مەدىنىدىن كۆپرەك چىقىدىغان، سەل كىچىكرەك، قارا، بىر تۈرلۈك خورما سورتى بولۇپ خەلق ئاغزىدا پەيغەمبەر خورمىسىمۇ دېيىلىدۇ. ئالىملاردىن بەزىلەر بۇ ھەدىس باشقا خورمىلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ دەپ قارايدۇ.

رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يَحِلُّ دَمُ امْرِئٍ مُسْلِمٍ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَّا بِإِحْدَى ثَلَاثٍ الثَّيِّبُ الزَّانِي وَالنَّفْسُ بِالنَّفْسِ الْمَارِقُ مِنَ الدِّينِ التَّارِكِ لِلْجَمَاعَةِ

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جانغا جان ئېلىش، (يەنى قان قىساس) ئائىلە قۇرۇپ بولغان (ئەر ۋە ئايال) زىنا قىلغۇچى، دىنىدىن چىقىپ مۇسۇلمانلار جامائىتىنى تەرىك قىلغۇچى بولۇشتىن باشقا ئەھۋالدا «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر دەپ، مېنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

198 . عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الْأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا أَنْفَقَ الْمُسْلِمُ نَفَقَةً عَلَى أَهْلِهِ وَهُوَ يَحْتَسِبُهَا كَانَتْ لَهُ صَدَقَةً

ئەبى مەسئۇد ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۇسۇلمان ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ، ئائىلىسىگە پۇل خىراجەت قىلسا، قىلغان خىراجىتى ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە (نىڭ ساۋابى) بولىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

199. عَنْ زَيْدِ بْنِ خَالِدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ جَهَّزَ غَازِيًا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَقَدْ غَزَا وَمَنْ خَلَفَ غَازِيًا فِي سَبِيلِ اللَّهِ بِخَيْرٍ فَقَدْ غَزَا

زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا غازات قىلغۇچىنى (قۇرال جابدۇق، قاتناش ۋاستىسى، بېلەت... ئېلىپ بېرىپ) جابدۇتۇپ قويغان ئادەم غازات قىلغان (ئەجىرگە ئېگە) بولىدۇ. ئاللاھ يولىدا غازات قىلغۇچىغا ياخشى ئورۇنباسار بولغان (ھەر تۈرلۈك خىيانەتتىن ساقلانغان، ئىقتىسادى ۋە خوتۇن باللىرىغا يامان كۆزدە قارىمىغان) ئادەم غازات قىلغان (ئەجىرگە ئېگە) بولىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

200. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ

صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَسَحَّرُوا فَإِنَّ فِي السَّحُورِ بَرَكَةً

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (رامىزاندا) سوھۇرلۇق يەڭلار. ھەقىقەتەن سوھۇرلۇقتا بەرىكەت باردۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

201 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَنْظُرُ اللَّهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِلَى مَنْ جَرَّ إِزَارَهُ بَطَرًا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ قىيامەت كۈنى (دۇنيادا) تەكەببۇرلۇقتىن ئىشتىنىنى سۆرەلتىپ قويغان كىشىگە قارىمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

202 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ اللَّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَا ابْنَ آدَمَ أَنْفِقْ أُنْفِقْ عَلَيْكَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ئى ئادەم پەرزەنتى! خىراجەت قىل. مەن ساڭا خىراجەت (رىزىق، تەمىنات) بېرىمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

203. عَـنْ أَبِي هُرَيْـرَةَ رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ قَـالَ قَـالَ رَسُـولُ اللَّهِ صَـلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ مَـا مِـنْ مَوْلُـودٍ إِلَّا يُولَـدُ عَـلَى الْفِطْـرَةِ فَـأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ...

ئەبى ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇنىـڭ ھەدىسـى، رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېـگەن: ھەر قانـداق بىـر پەرزەنـت ئىسـلامى تەبىـئەت ئۈسـتىدە تۇغۇلـدۇ. ئاتـا ئانىسـى ئـۇنى يـا يەھـۇدى قىلىۋېتىـدۇ. يـا ناسـارا قىلىۋېتىـدۇ ياكى مەجۇسى (ئاتەشپەرەس) قىلىۋېتىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

204. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَاتَلَ اللَّهُ الْيَهُودَ اتَّخَذُوا قُبُورَ أَنْبِيَائِهِمْ مَسَاجِدَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلارغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن. ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋېلىشتى.*

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

*. بۇ قەبرە ئۈستىگە مەسجىد قىلىۋېلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنىڭ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق لەنەتلەنگەن ئادەملەرنىڭ قەبرە ئۈستىگە مەسجىد قوپۇرىدىغانلىقىنىڭ يارقىن ئىسپاتى. مەدىنىدىكى مەسجىدىننەبەۋىيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ بولۇشى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇھەقتە ئەڭ ئادىل ۋە مۇكەممەل جاۋاپ ئەللامە ئۇسەيمىن رەھىمەتىنىڭ بولۇپ ئۇ كىشى مۇنداق دېگەن: قەبرە بار مەسجىدتە ناماز ئوقۇش مەسىلىسى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ بىرى: ئەسلىدە بار بولغان قەبرە ئۈستىگە مەسجىد سېلىنىشى، بۇنىڭدا توغرىسى بۇ مەسجىد تەرك قىلىنىپ ناماز ئوقۇلماسلىقىدۇر. بۇنداق مەسجىدنى سالغان ئادەمنىڭ بۇ مەسجىدنى چېقىۋېتىشى، ئۇ كىشى چاقمىسا ئىسلامى ھۆكۈمەتنىڭ چېقىۋېتىشى ۋاجىپتۇر. ئىككىنچىسى مەسجىدنىڭ قەبرىدىن بۇرۇن سېلىنغان، مەسجىد قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېين مېيىتنىڭ دەپنە قىلىنغان بولۇشى بولۇپ بۇ ھالدا قەبرىنى ئېچىپ، مېيىتنى چىقىرىپ باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ۋاجىپتۇر. بۇ مەسجدتە ناماز ئوقۇشنىڭ ھۆكۈمى بولسا رەسۇلۇللاھ قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇشتىن نەھي قىلغىنى ئۈچۈن قەبرە نامازخانىنىڭ ئالدىدا بولماسلىق شەرتى بىلەن ناماز ئوقۇش دۇرۇس.

مەسجىدى نەبەۋىينىڭ ئىچىگە جايلاشقان پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى مەسىلىسىگە كەلسەك، مەلۇمكى رەسۇلىمىزنىڭ مەسجىدى رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن ئاۋال سېلىنغان بولۇپ قەبرە ئۈستىگە سېلىنغان ئەمەس. ھەمدە رەسۇلۇللاھ مەسجىدنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغان بولماستىن بەلكى مەسجىدتىن ئايرىم بولغان ئۆز ئۆيىگە دەپنە قىلىنغان. ھىجرىيە **88**. يىلى ۋەلىد ئىبنى ئەبدۇلمەلىك دەۋرىدە ۋەلىد ئۆزىنىڭ مەدىنىگە قويغان ۋالىسى ئۆمەر بىن ئەبدۇلئەزىزگە نامە يوللاپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىنى چېقىپ كېڭەيتىپ، رەسۇلىمىزنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھوجرىلىرىنى مەسجىدكە قېتىۋېتىشكە بۇيرىغان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئالىملار ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى چاقىرىپ ئۇلارغا خەلىپە ۋەلىدنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بەرگەن. مەسجىدنى كېڭەيتىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ

ھوجرىللىرى ۋە قەبرىسىنى مەسجىدكە قوشۇۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىش كۆپچىلىككە بىردەك ئېغىر كەلگەن. ئۇلار ھوجرىلارنى ئۆز پېتى قالدۇرۇپ قويۇش ئالەملەرگە رەھمەت ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن زاتنىڭ قانداق ئۆيدە تۇرغانلىقىدىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ياخشى ئىدى دېيىشكەن. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ مەسىلىلەرنى خەلىپىگە مەلۇم قىلىپ نامە يوللىغان بولسىمۇ، خەلىپە ۋەلىد بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. شۇ مەسجىد كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى بىلەن قەبرە مەسجىد ئىچىگە كىرىپ قالغان. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى مەسجىد ئىچىگە قويۇلغان ئەمەس ۋە ياكى ئۈستىگە مەسجىد سېلىنغانمۇ ئەمەس. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىدە مەسجىدكە دەپنە قىلىشقا ياكى قەبرە ئۈستىگە مەسجىد سېلىشقا ھېچقانداق دەلىل يوق. پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامغا ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ ھەبەشىستاندا ئىچىدە رەسىملەر بار چىركاۋلارنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە رەسۇلۇللاھ: ئۇ خىرىستىيانلار ئىچىدە بىر سالىھ ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ئىبادەتخانا سالىدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەخلۇقاتنىڭ يامىنىدۇر ـ دېگەن. مۆئمىن ھېچقاچان يەھۇدى ناسارالارنىڭ يولىدا ماڭمايدۇ ۋە مەخلۇقاتنىڭ يامىنى بولمايدۇ. ئىمام ئەھمەد ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغا بىر ھەدىستە ھەم رەسۇلۇللاھ: ئەڭ يامان ئىنسانلار قىيامەت كەلگىنىدە ھايات ھالەتتە بولغانلار ۋە قەبرىلەرنى مەسجىد قىلىۋالغان ئىنسانلاردۇر ـ دېگەن. شۇ نوقتىدىن قەبرە ئۈستىگە مەسجىد قىلىش مۆئمىنلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. مۆئمىنلەر قىلىپ سالغان بولسا ھەم خاتا. چۈنكى سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن كەلمىگەن ئىش مەيلى كىم قىلسۇن زالالەتتىن باشقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ..

205 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ اللَّهُ تَعَالَى أَنَا عِنْدَ ظَنِّ عَبْدِي بِي وَأَنَا مَعَهُ إِذَا ذَكَرَنِي فَإِنْ ذَكَرَنِي فِي نَفْسِهِ ذَكَرْتُهُ فِي نَفْسِي وَإِنْ ذَكَرَنِي فِي مَلَإٍ ذَكَرْتُهُ فِي مَلَإٍ خَيْرٍ مِنْهُمْ وَإِنْ تَقَرَّبَ إِلَيَّ بِشِبْرٍ تَقَرَّبْتُ إِلَيْهِ ذِرَاعًا وَإِنْ تَقَرَّبَ إِلَيَّ ذِرَاعًا تَقَرَّبْتُ إِلَيْهِ بَاعًا وَإِنْ أَتَانِي يَمْشِي أَتَيْتُهُ هَرْوَلَةً

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ئويىچە يالغۇزمەن. ھالبۇكى بەندە مېنى ياد قىلسىلا مەن ئۇنىڭ بىلەندۇرمەن. ئەگەر ئۇ مېنى ئۆز ئىچىدە ياد قىلسا، مەنمۇ ئۇنى ئۆز ئىچىمدە ياد قىلىمەن. ئەگەر ئۇ مېنى بىر توپ ئادەم ئىچىدە ياد قىلسا، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىن ياخشىراق بىر توپ ئىچىدە ياد قىلىمەن. ئەگەر بەندە ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر بىر گەز يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە مەن ئۇنىڭ تەرىپىگە يۈگرەپ بارىمەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

206 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ سَبْعَةٌ يُظِلُّهُمُ اللَّهُ فِي ظِلِّهِ يَوْمَ لَا ظِلَّ إِلَّا ظِلُّهُ الْإِمَامُ الْعَادِلُ وَشَابٌّ نَشَأَ فِي عِبَادَةِ رَبِّهِ وَرَجُلٌ قَلْبُهُ مُعَلَّقٌ فِي الْمَسَاجِدِ وَرَجُلَانِ تَحَابَّا فِي اللَّهِ اجْتَمَعَا عَلَيْهِ وَتَفَرَّقَا عَلَيْهِ وَرَجُلٌ طَلَبَتْهُ امْرَأَةٌ ذَاتُ مَنْصِبٍ وَجَمَالٍ فَقَالَ إِنِّي أَخَافُ اللَّهَ وَرَجُلٌ تَصَدَّقَ أَخْفَى حَتَّى لَا تَعْلَمَ شِمَالُهُ مَا تُنْفِقُ يَمِينُهُ وَرَجُلٌ ذَكَرَ اللَّهَ خَالِيًا فَفَاضَتْ عَيْنَاهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت كۈنى) ئاللاھنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە بولمىغان چاغدا ئاللاھ ئۆز سايىسىدا سايىدىتىدىغان يەتتە تۈرلۈك كىشى باردۇر. (ئۇلار) ئادالەتپەرۋەر ئىمام. ئاللاھنىڭ ئىبادىتى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش. قەلبى مەسجىدلەرگە باغلانغان ئادەم. ئاللاھ يولىدا بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، ئاللاھ يولىدا بىر يەرگە يىغىلىپ، ئاللاھ يولىدا تارقىلىدىغان ئىككى ئادەم. مەنسىپى ۋە چىرايى بار بىر ئايال (ئۆزىگە) چاقىرسا، مەن ئاللاھتىن قورقىمەن دېگەن ئادەم. خەيىر ئېھسان قىلىپ، خەيىر ئېھسانىنى سول قولى ئوڭ قولى قىلغاننى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە مەخپى تۇتقان ئادەم ۋە ئاللاھنى خىلۋەت جايلاردا ياد قىلىپ ياش تۆككەن ئادەم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

207 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَدُ اللَّهِ مَلْأَى لَا يَغِيضُهَا نَفَقَةٌ سَحَّاءُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ وَقَالَ أَرَأَيْتُمْ مَا أَنْفَقَ مُنْذُ خَلَقَ السَّمَوَاتِ وَالْأَرْضَ فَإِنَّهُ لَمْ يَغِضْ مَا فِي يَدِهِ .

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ قولى (ئىنئام بىلەن) لىق تولغاندۇر. ئۇنى ھېچقانداق چىقىم ئازلىتىۋەتمەيدۇ. كېچە كۈندۈز ئۈزلۈكسىز ئىنئام ياغدۇرۇپ تۇرغۇچىدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئاللاھنىڭ ئاسمانلار ۋە زېمىننى ياراتقىنىدىن بۇيانقى بەرگەنلىرىگە قاراپ بېقىڭلار. ئۇ بەرگەن (رىزىق، ئىنئام) ئاللاھنىڭ ئىلكىدىكى (مال ـ دۇنيا) نى ئازلىتىۋەتكىنى يوق...

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

208 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اجْتَنِبُوا السَّبْعَ الْمُوبِقَاتِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللَّهِ وَمَا هُنَّ قَالَ الشِّرْكُ بِاللَّهِ وَالسِّحْرُ وَقَتْلُ النَّفْسِ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَأَكْلُ مَالِ الْيَتِيمِ وَأَكْلُ الرِّبَا وَالتَّوَلِّي يَوْمَ الزَّحْفِ وَقَذْفُ الْمُحْصِنَاتِ الْغَافِلَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (دۇنيادىمۇ ئاخىرەتتىمۇ ھالاك

قىلىدىغان) يەتتە تۈرلۈك ھالاك قىلغۇچى ئىشتىن ساقلىنىڭلار ـ دېۋىدى. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇلار قايسى ئىشلار؟ دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك، سېھىرگەرلىك، ئاللاھ ھارام قىلغان ئىنسانلارنى ھەقسىز ئۆلتۈرمەك، جازانە (ھەر خىل شەكىلدىكى ئۆسۈم) يېمەك، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېمەك، (ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالى بولۇشى ئۈچۈن بولغان جەڭ كۈنى) جەڭ مەيدانىدىن قاچماق، ئىپپەتلىك مەسۇمە مۆئمىنە ئاياللارنى (زىنا بىلەن قارىلاپ) تىللىماقتۇر دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**209. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ قَتَلَ نَفْسَهُ بِحَدِيدَةٍ فَحَدِيدَتُهُ فِي يَدِهِ يَتَوَجَّأُ بِهَا فِي بَطْنِهِ فِي نَارِ جَهَنَّمَ خَالِدًا مُخَلَّدًا فِيهَا أَبَدًا وَمَنْ شَرِبَ سَمًّا فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَهُوَ يَتَحَسَّاهُ فِي نَارِ جَهَنَّمَ خَالِدًا مُخَلَّدًا فِيهَا أَبَدًا وَمَنْ تَرَدَّى مِنْ جَبَلٍ فَقَتَلَ نَفْسَهُ فَهُوَ يَتَرَدَّى فِي نَارِ جَهَنَّمَ خَالِدًا مُخَلَّدًا فِيهَا أَبَدًا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىغلىق ئەسۋاب بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەم دوزاختا تىغلىق ئەسۋابنى تۇتۇپ ئەبەدىلئەبەد، مەڭگۈ مەھكۇم قىلىۋېتىلگەن ھالدا شۇ تىغلىق ئەسۋاپنى (توختىماستىن) قورسىقىغا تىقىپ تۇرىدۇ. زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالغان ئادەم دوزاختا ئەبەدىلئەبەد مەڭگۈ مەھكۇم قىلىۋېتىلگەن

ھالدا (توختىماي) زەھەر ئىچىپ تۇرىدۇ. ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلتۈرىۋالغان ئادەم دوزاخ ئوتىغا ئەبەدىلئەبەد، مەڭگۈ قىلىشقا مەھكۇم ھالدا ئىگىزلىكتىن (توختىماي) غولاپ چۈشۈپ تۇرىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**210 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ الْإِيمَانُ بِضْعٌ وَسِتُّونَ شُعْبَةً وَالْحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِنَ الْإِيمَانِ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدۇر. ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**211 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ كَانَ رَجُلٌ يُدَايِنُ النَّاسَ فَكَانَ يَقُولُ لِفَتَاهُ إِذَا أَتَيْتَ مُعْسِرًا فَتَجَاوَزْ عَنْهُ لَعَلَّ اللَّهَ يَتَجَاوَزُ عَنَّا فَلَقِيَ اللَّهَ فَتَجَاوَزَ عَنْهُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باشقىلارغا قەرىز بېرىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ خىزمەتكار بالىغا: قىيىنچىلىققا يولۇققان ئادەمگە دۇچ كەلسەڭ (پۇلنى بەر دەپ قىستىماي) ئۆتۈپ كەتكىن. ئاللاھ بىز (نىڭ گۇناھىمىز) دىنمۇ ئۆتىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس دەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ (ئۆلۈپ) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغاندا ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى.

بىرلىككە كېلىنگەن

ھەدىس.

212. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ كُلُّ عَمَلِ ابْنِ آدَمَ لَهُ إِلَّا الصَّوْمَ فَإِنَّهُ لِي وَأَنَا أَجْزِي بِهِ وَلَخُلُوفُ فَمِ الصَّائِمِ أَطْيَبُ عِنْدَ اللَّهِ مِنْ رِيحِ الْمِسْكِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دېدى: ئادەم ئەۋلادىنىڭ رامىزاندىن باشقا ھەممە ئەمىلى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر. پەقەتلا رامىزان مېنىڭ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ موكاپاتىنى مەن ئۆزۈم بېرىمەن. رامىزان تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ يېقىمسىز پۇرىقى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىپارنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشبۇيدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

213. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ تَعَوَّذُوا بِاللَّهِ مِنْ جَهْدِ الْبَلَاءِ وَدَرَكِ الشَّقَاءِ وَسُوءِ الْقَضَاءِ وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاللاھقا سېغىنىپ ئېغىر بالا قازادىن، (دۇنيا ئاخىرەتتە) بەختسىزلىكنىڭ كېلىشىدىن، يامان تەقدىردىن، دۈشمەنلەرنىڭ (مەسخىرە قىلىپ ئۇستۈگلاردىن) كۈلىشىدىن پاناھلىق تەلەپ قىلىڭلار.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

214 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ السَّفَرُ قِطْعَةٌ مِنَ الْعَذَابِ يَمْنَعُ أَحَدَكُمْ طَعَامَهُ وَشَرَابَهُ وَنَوْمَهُ فَإِذَا قَضَى نَهْمَتَهُ فَلْيُعَجِّلْ إِلَى أَهْلِهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەر بىر پارچە ئازاپ دېمەكتۇر. ئادەمنى ئۇيقۇسىدىن ، يېمەك ـ ئىچمىكىدىن توسۇپ قويىدۇ. سەپەردىكى ئېھتىياجىنى پۈتكۈزگەن ئادەم ئۆيىگە ئالدىرىسۇن .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

215 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْه عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا تَرْغَبُوا عَنْ آبَائِكُمْ فَمَنْ رَغِبَ عَنْ أَبِيهِ فَهُوَ كُفْرٌ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتاڭلاردىن (تېنىپ) يۈز ئۆرمەڭلار. كىم (دۇنيالىق مەنپەئەت كۆزلەپ ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىنى تۆۋەن كۆرۈپ نۇمۇس قىلىپ ، بىلىپ تۇرۇپ ، قەستەن) ئاتىسىدىن يۈز ئۆرىسە ئۇ (نىڭ بۇ قىلغىنى) كۇپرىدۇر .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

216 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَا أَذِنَ اللَّهُ لِشَيْءٍ مَا أَذِنَ لِنَبِيٍّ حَسَنِ الصَّوْتِ يَتَغَنَّى بِالْقُرْآنِ يَجْهَرُ بِهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ھېچنەرسىنى ئاۋازى چىرايلىق، قۇرئاننى مۇڭلۇق، جەھرى ئوقۇغان پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك (كۆڭۈل قويۇپ، بېرىلىپ) ئاڭلىغان ئەمەس.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**217. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَوْ كَانَ لِي مِثْلُ أُحُدٍ ذَهَبًا لَسَرَّنِي أَنْ لَا تَمُرَّ عَلَيَّ ثَلَاثُ لَيَالٍ وَعِنْدِي مِنْهُ شَيْءٌ إِلَّا شَيْئًا أَرْصُدُهُ لِدَيْنٍ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مېنىڭ ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا ــ قەرىز (قايتۇرۇش) ئۈچۈن ئېلىپ قويغاندىن باشقا ــ بۇ ئالتۇندىن بىرەر قىسمىنىڭ ئۆيدە بار ھالدا ئۈچ كۈن ئۆتمەسلىكى مېنى خۇشال قىلغان بولاتتى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**218. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَقَابُ قَوْسٍ فِي الْجَنَّةِ خَيْرٌ مِمَّا تَطْلُعُ عَلَيْهِ الشَّمْسُ وَتَغْرُبُ ...**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتىكى بىر ياچاقنىڭ ئورنىچىلىك (يەر) ئۈستىگە كۈن چىققان ۋە پاتقان نەرسىلەردىن (پۈتكۈل يەر يۈزىدىن) ياخشىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

219 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ اللَّهُ تَعَالَى يَشْتِمُنِي ابْنُ آدَمَ وَمَا يَنْبَغِي لَهُ أَنْ يَشْتِمَنِي وَيُكَذِّبُنِي وَمَا يَنْبَغِي لَهُ أَمَّا شَتْمُهُ فَقَوْلُهُ إِنَّ لِي وَلَدًا وَأَمَّا تَكْذِيبُهُ فَقَوْلُهُ لَيْسَ يُعِيدُنِي كَمَا بَدَأَنِي

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ئادەم ئەۋلادىنىڭ ماڭا دەشنام قىلىشى لايىق ئەمەس. ئەمما ئۇ دەشنام قىلىدۇ. ئادەم ئەۋلادىنىڭ مېنى يالغانچى دېيىشى لايىق ئەمەس. ئەمما ئۇ مېنى يالغانچى دەيدۇ. ئادەم ئەۋلادىنىڭ ماڭا دەشنام قىلغىنىغا كەلسەك، ئۇنىڭ مېنى "بالىسى بار" دېگەنلىكىدۇر. يالغانچى دېيىشى بولسا ئۇنىڭ "ئاللاھ مېنى باشتا ياراتقىنىدەك قايتا يارىتالمايدۇ" دېگەنلىكىدۇر.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

220 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يَدْخُلُ أَحَدٌ الْجَنَّةَ إِلَّا أُرِيَ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ لَوْ أَسَاءَ لِيَزْدَادَ شُكْرًا وَلَا يَدْخُلُ النَّارَ أَحَدٌ إِلَّا أُرِيَ مَقْعَدَهُ مِنَ الْجَنَّةِ لَوْ أَحْسَنَ لِيَكُونَ عَلَيْهِ حَسْرَةً

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرگەن ھەر كىمگە تېخىمۇ بەك شۈكرى قىلسۇن دەپ گۇناھكار بولغان

تەقدىردە دوزاختىكى كىرىدىغان ئورنى كۆرستىپ قويۇلماي قالمايدۇ. دوزاخقا كىرگەن ھەر كىمگە تېخىمۇ بەك ھەسرەت چەكسۇن دەپ ياخشى بولغان تەقدىردە جەننەتتىكى كىرىدىغان ئورنى كۆرستىپ قويۇلماي قالمايدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

221. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ أَخَذَ أَمْوَالَ النَّاسِ يُرِيدُ أَدَاءَهَا أَدَّى اللَّهُ عَنْهُ وَمَنْ أَخَذَ يُرِيدُ إِتْلَافَهَا أَتْلَفَهُ اللَّهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم باشقىلارنىڭ پۇل مېلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئويىدا (قەرز) ئالغان بولسا ئاللاھ (بەرىكەت بېرىپ قولايلاشتۇرۇپ) قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بىر ئادەم پۇل مالنى بۇزۇپ چېچىۋېتىش ئويىدا (قەرز) ئالغان بولسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

222. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ قَالَ اللَّهُ تَعَالَى ثَلَاثَةٌ أَنَا خَصْمُهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ رَجُلٌ أَعْطَى بِي ثُمَّ غَدَرَ وَرَجُلٌ بَاعَ حُرًّا فَأَكَلَ ثَمَنَهُ

وَرَجُلٌ اسْتَأْجَرَ أَجِيرًا فَاسْتَوْفَى مِنْهُ وَلَمْ يُعْطِهِ أَجْرَهُ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار. ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى دەۋاگىرى مەن بولىمەن. مېنىڭ (نامىم) بىلەن (ۋەدە) بېرىپ ئارقىدىن ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم. ھۆر ئادەمنى قۇل قىلىپ، سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم. بىر ئىشچىنى ياللاپ ئىشلەتكەن، ئىشلىتىشنى تولۇق ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

223. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَعْتَكِفُ فِي كُلِّ رَمَضَانٍ عَشْرَةَ أَيَّامٍ فَلَمَّا كَانَ الْعَامُ الَّذِي قُبِضَ فِيهِ اعْتَكَفَ عِشْرِينَ يَوْمًا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر رامىزان ئېيىدا ئون كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى. ئۇ زات ۋاپات بولغان يىلى بولسا يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلغان ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

224. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَلَا أَدُلُّكُمْ عَلَى مَا يَمْحُو اللَّهُ بِهِ الْخَطَايَا وَيَرْفَعُ بِهِ

**الدَّرَجَاتِ قَالُوا بَلَى يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ إِسْبَاغُ الْوُضُوءِ عَلَى الْمَكَارِهِ وَكَثْرَةُ الْخُطَا إِلَى الْمَسَاجِدِ وَانْتِظَارُ الصَّلَاةِ بَعْدَ الصَّلَاةِ فَذَلِكُمُ الرِّبَاطُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرگە (قىلساڭلار) ئاللاھ خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدىغان، دەرىجىلەرنى كۆتىرىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ دېگىنىدە ساھابىلار: شۇنداق قىلسىلا، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى دېيىشكەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قىيىنچىلىق (سوغۇق) ۋاقىتلاردىمۇ تاھارەتنى كامىل ئالماق، مەسجىدكە كۆپ ماڭماق، (بىر) نامازدىن كېيىن (يەنە بىر) نامازنى كۈتمەكتۇر. مانا بۇ راباتتۇر (ساۋاپ جەھەتتە ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنىڭ ئالى بولۇشى يولىدىكى جىھادتا ئالدىنقى سەپتە جەڭنى كۈتۈپ، چېگرا ساقلاپ كۈزەتچىلىك قىلىپ تۇرۇشقا تەڭدۇر.) دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**225 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ تَطَهَّرَ فِي بَيْتِهِ ثُمَّ مَشَى إِلَى بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِ اللَّهِ لِيَقْضِي فَرِيضَةً مِنْ فَرَائِضِ اللَّهِ كَانَتْ خَطْوَتَاهُ إِحْدَاهُمَا تَحُطُّ خَطِيئَةً وَالْأُخْرَى تَرْفَعُ دَرَجَةً**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆيىدە تاھارەتنى ئېلىپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە ئاللاھنىڭ بىر پەرزىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ماڭسا، ئۇنىڭ ئىككى قەدىمىنىڭ بىرى ئۇنىڭ بىر خاتالىقىنى كېمەيتسە، ئىككىنچىسى ئۇنى بىر دەرىجە كۆتىرىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

226 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رَغِمَ أَنْفُ ثُمَّ رَغِمَ أَنْفُ ثُمَّ رَغِمَ أَنْفُ قِيلَ مَنْ يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ مَنْ أَدْرَكَ أَبَوَيْهِ عِنْدَ الْكِبَرِ أَحَدَهُمَا أَوْ كِلَيْهِمَا فَلَمْ يَدْخُلْ الْجَنَّةَ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خار بولۇپ كەتسۇن، خار بولۇپ كەتسۇن، خار بولۇپ كەتسۇن! دېدى. ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى كىم (خار بولسۇن)؟ دەپ سوراشتى. رەسۇلۇللاھ: ئاتا ئانىسىنىڭ ئىككىلىسىنى ياكى بىرسىنى قېرىغان ھالدا كۆرگەن (خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ئارقىلىق) جەننەتكە كىرەلمىگەن ئادەم (خار بولۇپ كەتسۇن) دېدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

227 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ تَابَ قَبْلَ أَنْ تَطْلُعَ الشَّمْسُ مِنْ مَغْرِبِهَا تَابَ اللَّهُ عَلَيْهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى كۈن غەربتىن چىقىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**228. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَافِلُ الْيَتِيمِ لَهُ أَوْ لِغَيْرِهِ أَنَا وَهُوَ كَهَاتَيْنِ فِي الْجَنَّةِ وَأَشَارَ مَالِكٌ بِالسَّبَّابَةِ وَالْوُسْطَى**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزىنىڭ بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ بولسۇن يېتىمگە ئىگە بولغۇچى، مەن ۋە ئۇ جەننەتتە مانا مۇشۇ ئىككىسىدەك بولىمىز. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى مالىك (مانا شۇنداق دەپ) كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**229. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَحَبُّ الْبِلَادِ إِلَى اللَّهِ مَسَاجِدُهَا وَأَبْغَضُ الْبِلَادِ إِلَى اللَّهِ أَسْوَاقُهَا**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەڭ ياخشى

كۆرىدىغان يۇرت ئۇ يۇرتلارنىڭ مەسجىدلىرىدۇر. ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغىنى بولسا بازارلىرىدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**230. عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا اجْتَمَعَ قَوْمٌ فِي بَيْتٍ مِنْ بُيُوتِ اللَّهِ يَتْلُونَ كِتَابَ اللَّهِ وَيَتَدَارَسُونَهُ بَيْنَهُمْ إِلَّا نَزَلَتْ عَلَيْهِمُ السَّكِينَةُ وَغَشِيَتْهُمُ الرَّحْمَةُ وَحَفَّتْهُمُ الْمَلَائِكَةُ وَذَكَرَهُمُ اللَّهُ فِيمَنْ عِنْدَهُ وَمَنْ بَطَّأَ بِهِ عَمَلُهُ لَمْ يُسْرِعْ بِهِ نَسَبُهُ**

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قانداق بىر قەۋم ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىدە توپلىنىپ، ئاللاھنىڭ كىتاۋىنى تىلاۋەت قىلىپ، ئۆزئارا دەرس قىلىشسا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاللاھتىن خاتىرجەملىك چۈشىدۇ. ئۇلارنى رەھمەت چۈمكەيدۇ. پەرىشتىلەر ئورايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىدىكى (پەرىشتە) لەر ئالدىدا تىلغا ئالىدۇ. (كىمنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى) ئەمەلى كېچىكتۈرگەن بولسا ئۇ ئادەمنىڭ نەسەبى (جەننەتكە كىرىشىنى) تېزلىتەلمەيدۇ [6].

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

---

[6]. يەنى جەننەتكە نەسەپ، يۈز ئابروي بىلەن ئەمەس، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن كېيىن ئىككىنچى قىلىپ سالىھ ئەمەل بىلەن كىرىش مۇمكىن. ئەمەلى جەننەتكە كىرگۈزەلمىگەن ئادەمنى نەسەبى كىرگۈزەلمەيدۇ.

231 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا تَشَهَّدَ أَحَدُكُمْ فَلْيَسْتَعِذْ بِاللَّهِ مِنْ أَرْبَعٍ يَقُولُ: اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىم (نامازدا) تەشەھھۇد ئوقۇسا تۆت نەرسىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىسۇن ۋە دېسۇنكى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ جَهَنَّمَ وَمِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَالْمَمَاتِ وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ» ئى ئاللاھ، مەن ساڭا سېغىنىپ جەھەننەمنىڭ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھلىق تىلەيمەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

232 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِذَا قَالَ الرَّجُلُ هَلَكَ النَّاسُ فَهُوَ أَهْلَكُهُمْ وَفِي رِوَايَةٍ: أَهْلَكَهُمْ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم كىشىلەر (يەنى مۇسۇلمانلار) تۈگەشتى دېسە (يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەيىپلەپ، تەنقىدلەپ، روھىنى چۈشۈرۈپ، مۇسۇلمانلار ئۈنى قىلالمايدۇ، بۇنى

ئېتەلمەيدۇ . . . مۇسۇلمانلار تۇگەشتى دېسە) ئۇ ئادەم شۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۇگەشكىنىدۇر. ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا: ئۇ ئادەم تۇگەشتۇرگەننىڭ گۇناھىنى ئۇستىگە ئارتىۋالىدۇ ـ دېيىلگەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

233 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينٍ فَرَأَى غَيْرَهَا خَيْرًا مِنْهَا فَلْيَأْتِهَا وَلْيُكَفِّرْ عَنْ يَمِينِهِ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم بىر ئىش (قىلىش ھەققىدە بولسۇن ياكى قىلماسلىق ھەققىدە بولسۇن) ئۇستىدە قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىنىڭ (شەرىئەتتە) ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسە، ياخشى بولغىنىنى قىلىپ، قەسىمگە (بۇزغىنى ئۇچۇن) كەپپارەت بەرسۇن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

234 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قال قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَيْرُ يَوْمٍ طَلَعَتْ عَلَيْهِ الشَّمْسُ يَوْمُ الْجُمُعَةِ فِيهِ خُلِقَ آدَمُ وَفِيهِ أُدْخِلَ الْجَنَّةَ وَفِيهِ أُخْرِجَ مِنْهَا

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوياش چىققان

كۈننىڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر. ئادەم ئاتا جۈمە كۈنى يارىتىلغان. جۈمە كۈنى جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ كۈندە جەننەتتىن چىقىرىلغان.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

235 . عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دُعِيَ أَحَدُكُمْ فَلْيُجِبْ فَإِنْ كَانَ صَائِمًا فَلْيُصَلِّ وَإِنْ كَانَ مُفْطِرًا فَلْيَطْعَمْ

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار (زىياپەتكە) تەكلىپ قىلىنسا بارسۇن. روزا تۇتقان بولسا دۇئا قىلىپ ئولتۇرسۇن. تۇتمىغان بولسا غىزالانسۇن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

236 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ إِنَّ أَبْغَضَ الرِّجَالِ إِلَى اللَّهِ الْأَلَدُّ الْخَصِمُ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئادەم ئاداۋەتى كۈچلۈك ئادەمدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

237 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ فِي رُكُوعِهِ وَسُجُودِهِ: سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا

وَبِحَمْدِكَ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئائىشە خانىم ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ رۇكۇ ۋە سەجدىسىدە «**سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي**» «ئى رەببىمىز ئاللاھ، سېنى ئەيىپ نۇقسانلاردىن پاك دەپ ياد قىلىمەن. ساڭا ھەمدە ئېيتىمەن. ئى ئاللاھ، مېنى مەغپىرەت قىلغىن» دەيدىغان ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**238. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تُحْشَرُونَ حُفَاةً عُرَاةً غُرْلًا قَالَتْ عَائِشَةُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ الرِّجَالُ وَالنِّسَاءُ يَنْظُرُ بَعْضُهُمْ إِلَى بَعْضٍ فَقَالَ الْأَمْرُ أَشَدُّ مِنْ أَنْ يُهِمَّهُمْ ذَاكِ**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: (قىيامەت كۈنى) سىلەرنى ئاللاھ يالاڭئاياق، يالىڭاچ، خەتنە قىلىنمىغان ھالەتتە تىرىلدۈرىدۇ ـ دېدى. ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ: مەن ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئەرلەر ئاياللار بىر بىرلىرىگە قارايدۇ؟ (بۇ قانداق بولغىنى؟) دېسەم رەسۇلۇللاھ: مەسىلە (يەنى قىيامەت) ئۇلارغا بۇ (يالىڭاچلىق) مۇھىم بىلىنمىگۈدەك دەرىجىدە دەھشەتلىكتۇر دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

239 . عَـنْ عَائِشَـةَ رَضِـيَ اللَّهُ عَنْهَـا أَنَّهَـا قَالَـتْ مَـا خُـيِّرَ رَسُـولُ اللَّهِ صَـلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ بَـيْنَ أَمْـرَيْنِ إِلَّا أَخَـذَ أَيْسَـرَهُمَا مَـا لَـمْ يَـكُنْ إِثْمًا فَإِنْ كَانَ إِثْمًا كَانَ أَبْعَدَ النَّاسِ مِنْهُ.

ئانىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى ئىش ئارىسىنى تاللاشقا قويسا، رەسۇلۇللاھ گۇناھ بولمىسىلا چوقۇم ئاسان بولغىنىنى تاللايتتى. گۇناھ ئىش بولسا گۇناھتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان زات ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

240 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنهَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيهِ وَسَلَّمَ قَالَ يَا أَيُّهَا النَّاسُ عَلَيْكُمْ مِنْ الْأَعْمَالِ مَا تُطِيقُونَ فَإِنَّ اللَّهَ لَا يَمَلُّ حَتَّى تَمَلُّوا وَإِنَّ أَحَبَّ الْأَعْمَالِ إِلَى اللَّهِ مَا دامَ وَإِنْ قَلَّ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆپچىلىك! ئۆزۈڭلارنىڭ كۈچۈڭلار يېتىدىغان ئەمەللەرنى قىلىڭلار. سىلەر زېرىكىپ قالمىغۇچە ئاللاھ زېرىكىپ قالمايدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل ئاز بولسىمۇ دائىم بولغىنىدۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

241 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ لَوْ أَدْرَكَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا أَحْدَثَ النِّسَاءُ لَمَنَعَهُنَّ كَمَا مُنِعَتْ نِسَاءُ بَنِي إِسْرَائِيلَ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئايااللار (رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن) پەيدا قىلغان ئىشلارنى كۆرسە ئىدى، بەنى ئىسرائىل ئايااللىرىنىڭ مەسجىدتىن مەنئى قىلىنغىنىدەك ئۇلارنى مەسجىدكە چىقىشتىن مەنئى قىلغان بولاتتى .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

242 . عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا شَبِعَ آلُ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مُنْذُ قَدِمَ الْمَدِينَةَ مِنْ طَعَامِ بُرٍّ ثَلَاثَ لَيَالٍ تِبَاعًا حَتَّى قُبِضَ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ئۆزى ۋە) ئائىلىسى مەدىنىگە كەلگىنىدىن تارتىپ تاكى ئۇ زات ئالەمدىن كەتكەنگە قەدەر ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۈچ كېچە بۇغداي تامىقىغا تويۇپ باقمىغان ئىدى .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

243 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ شَيْءٍ يُصِيبُ الْمُؤْمِنَ حَتَّى الشَّوْكَةِ تُصِيبُهُ إِلَّا كَتَبَ اللَّهُ لَهُ بِهَا حَسَنَةً أَوْ حُطَّتْ عَنْهُ بِهَا خَطِيئَةٌ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر بىر مۇسىبەتكە، ھەتتاكى (بەدىنىگە) كىرگەن تىكەن ئۇچۇنمۇ ئاللاھ مۆئمىن ئۇچۇن بىر ياخشىلىق يازىدۇ ۋە ياكى ئۇ مۆئمىنىنىڭ بىر گۇناھى ئۆچۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**244 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا أَوَى إِلَى فِرَاشِهِ كُلَّ لَيْلَةٍ جَمَعَ كَفَّيْهِ ثُمَّ نَفَثَ فِيهِمَا فَقَرَأَ فِيهِمَا قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ وَقُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ وَقُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ ثُمَّ يَمْسَحُ بِهِمَا مَا اسْتَطَاعَ مِنْ جَسَدِهِ يَبْدَأُ بِهِمَا عَلَى رَأْسِهِ وَوَجْهِهِ وَمَا أَقْبَلَ مِنْ جَسَدِهِ يَفْعَلُ ذَلِكَ ثَلَاثَ مراتٍ**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر كېچە كۆرپىسىگە جايلاشقىنىدا، ئىككى ئالقىنىنى جەملەپ سۈرە ئىخلاس بىلەن ناس ۋە فەلەق سۈرىسىنى ئوقۇپ ھۈرۈپ، ئاندىن ئىككى ئالقىنى بىلەن بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدىدىكى قولى يەتكەن جايلىرىنى سىلايتتى. بۇ ئىشنى ئۈچ مەرتە تەكرارلايتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**245 . عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ يَرْحَمُ اللَّهُ نِسَاءَ الْمُهَاجِرَاتِ الْأُوَلَ لَمَّا أَنْزَلَ اللَّهُ «وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ»**

أَخَذْنَ أُزُرَهُنَّ فَشَقَّقْنَهَا مِنْ قِبَلِ الْحَوَاشِي فَاخْتَمَرْنَ بِهَا

ئائىشە ئانىمىزنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئالدىنقى ئەۋلاد مۇھاجىر ئاياللارغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. ئۇلار «وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ» [لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا ئىشتانلىرىنى ئېلىپ، چېكى تەرىپىدىن يىرتىشىپ شۇنىڭ بىلەن ئورانغان ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

246. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ إِذَا رَأَى الْمَطَرَ قَالَ اللَّهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامغۇرنى كۆرسە «اللَّهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا»" ئى ئاللاھ (بۇ يامغۇرنى) پايدىلىق يېغىن قىلغىن" دەيتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

247. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنَّ لِي جَارَيْنِ فَإِلَى أَيِّهِمَا أُهْدِي قَالَ إِلَى أَقْرَبِهِمَا مِنْكِ بَابًا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھقا: مېنىڭ ئىككى قوشنام بار. (ھەدىيە بەرسەم)

قايسىسىغا بېرىشىم كېرەك؟ دېسەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئىككى قوشنىنىڭ ساڭا ئىشىكى ئەڭ يېقىن بولغىنىغا (بەرگىن) دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

248. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقْبَلُ الْهَدِيَّةَ وَيُثِيبُ عَلَيْهَا

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھەدىيە قىلىنسا) ھەدىيەنى قۇبۇل قىلىدىغان ۋە (لايىقىدا بىر نەرسە ھەدىيە قىلىپ) جاۋاپ قايتۇرىدىغان زات ئىدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

249. عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهَا قَالَتْ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا عَصَفَتْ الرِّيحُ قَالَ اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا فِيهَا وَخَيْرَ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَشَرِّ مَا فِيهَا وَشَرِّ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامال چىققاندا مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا فِيهَا وَخَيْرَ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَشَرِّ مَا فِيهَا وَشَرِّ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ» "ئى ئاللاھ، مەن بۇ شامالنىڭ ياخشى بولۇشىنى ۋە شامالدىكى

نەرسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى، شامال ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەيمەن. ساڭا سىغىنىپ بۇ شامالنىڭ شەررىدىن، شامالدىكى نەرسىنىڭ شەررىدىن، شامال ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھلىق تىلەيمەن.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**250. عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الرَّحِمُ مُعَلَّقَةٌ بِالْعَرْشِ تَقُولُ مَنْ وَصَلَنِي وَصَلَهُ اللَّهُ وَمَنْ قَطَعَنِي قَطَعَهُ اللَّهُ**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلە ـ رەھىم ئەرشكە ئېسىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مېنى ئۇلىغان كىشىگە ئاللاھ (رەھمىتىنى) ئۇلىسۇن. مېنى ئۈزگەنلەردىن ئاللاھ (رەھمىتىنى) ئۈزسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**251. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ «يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ» حَتَّى يَغِيبَ أَحَدُهُمْ فِي رَشْحِهِ إِلَى أَنْصَافِ أُذُنَيْهِ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن تۇرغان (قىيامەت) كۈنى» بەزى ئادەملەر قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە ئۆزىنىڭ تەرىگە چۆكۈپ كېتىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**252. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا صَارَ أَهْلُ الْجَنَّةِ إِلَى الْجَنَّةِ وَأَهْلُ النَّارِ إِلَى النَّارِ جِيءَ بِالْمَوْتِ حَتَّى يُجْعَلَ بَيْنَ الْجَنَّةِ وَالنَّارِ ثُمَّ يُذْبَحُ ثُمَّ يُنَادِي مُنَادٍ يَا أَهْلَ الْجَنَّةِ لَا مَوْتَ وَيَا أَهْلَ النَّارِ لَا مَوْتَ فَيَزْدَادُ أَهْلُ الْجَنَّةِ فَرَحًا إِلَى فَرَحِهِمْ وَيَزْدَادُ أَهْلُ النَّارِ حُزْنًا إِلَى حُزْنِهِمْ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوزاخ ئەھلى دوزاخقا يۈزلەنگىنىدە، ئۆلۈمنى كەلتۈرۈلۈپ، جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا قويۇلغاندىن كېيىن (ئۆلۈمنى) بوغۇزلىنىدۇ. ئارقىدىن بىر جاكارچى: ئى جەننەت ئەھلى ئۆلۈم يوق. ئى دوزاخ ئەھلى ئۆلۈم يوق! دەپ جاكارلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەننەت ئەھلىگە خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق، دوزاخ ئەھلىگە قايغۇ ئۈستىگە قايغۇ قوشۇلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**253. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى**

اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَحْلِفُوا بِآبَائِكُمْ وَمَنْ كَانَ حَالِفًا فَلْيَحْلِفْ بِاللَّهِ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا بوۋىلىرىڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماڭلار. قەسەم قىلىشقا توغرا كېلىپ قالغان ئادەم ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

254 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَا حَقُّ امْرِئٍ مُسْلِمٍ لَهُ شَيْءٌ يُوصِي فِيهِ يَبِيتُ لَيْلَتَيْنِ إِلَّا وَوَصِيَّتُهُ مَكْتُوبَةٌ عِنْدَهُ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نەرسىسى (قەرزى ياكى بىر كىشىگە بىر نەرسە بېرىمەن دېگەن ۋەدىسى) بار بىر مۇسۇلمان ئىنسانىنىڭ ۋەسىيىتى يېنىدا يېزىقلىق بولمىغان ھالەتتە ئىككى كېچە يېتىشى توغرا ئەمەستۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

255 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا أَنْزَلَ اللَّهُ بِقَوْمٍ عَذَابًا أَصَابَ الْعَذَابُ مَنْ كَانَ فِيهِمْ ثُمَّ بُعِثُوا عَلَى أَعْمَالِهِمْ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى،

ئـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېـگەن: ئـاللاھ بـىر خەلـقـقە ئـازاپ چۈشۈرسـە، بـۇ ئازاپ شۇ خەلـق ئىچـىدە بـار ئادەمنىـڭ (ھەممىنىـڭ) بېشـىغا كېلىـدۇ. كېـيىن ئـۇلار (قىيـامەتتە قايسـى ھـالەتتە ئـۆلگەن بولسا شۇ پېتى) ئۆز ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

256 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بُنِيَ الْإِسْلَامُ عَلَى خَمْسٍ شَهَادَةِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ وَالْحَجِّ وَصَوْمِ رَمَضَانَ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام "بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەرھەق ئەلچىسىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، نامازنى بەرپا قىلىش، زاكاتنى بېرىش، ھەج قىلىش، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش" تىن ئىبارەت بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

257 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهُ قَالَ عَلَى الْمَرْءِ الْمُسْلِمِ السَّمْعُ وَالطَّاعَةُ فِيمَا أَحَبَّ وَكَرِهَ إِلَّا أَنْ يُؤْمَرَ بِمَعْصِيَةٍ فَإِنْ أُمِرَ بِمَعْصِيَةٍ فَلَا سَمْعَ وَلَا طَاعَةَ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئىنسان ياخشى كۆرسۇن ياخشى كۆرمىسۇن گۇناھ ئىشقا بۇيرۇلمىسىلا (شەرئى رەھبىرىگە) بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشى لازىم. ئەگەر گۇناھ ئىشقا بۇيرۇلسا بۇيرۇقنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**258. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَفَاتِيحُ الْغَيْبِ خَمْسٌ لَا يَعْلَمُهَا إِلَّا اللَّهُ لَا يَعْلَمُ مَا تَغِيضُ الْأَرْحَامُ إِلَّا اللَّهُ وَلَا يَعْلَمُ مَا فِي غَدٍ إِلَّا اللَّهُ وَلَا يَعْلَمُ مَتَى يَأْتِي الْمَطَرُ أَحَدٌ إِلَّا اللَّهُ وَلَا تَدْرِي نَفْسٌ بِأَيِّ أَرْضٍ تَمُوتُ إِلَّا اللَّهُ وَلَا يَعْلَمُ مَتَى تَقُومُ السَّاعَةُ إِلَّا اللَّهُ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەيبنىڭ ئاچقۇچلىرى بەش بولۇپ، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بەچچىدانلارنىڭ كىچىكلەپ كەتكىنىنى (يەنى تۆرەلمىنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇپ ياكى بويىدىن ئاجراپ كېتىشىنى) ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەتە نىمە ئىش بولۇشىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. يامغۇرنىڭ قاچان يېغىشىنى

ئـاللاھتىن باشـقا ھـېچكىم بىلمەيـدۇ. بىـر ئادەمنىـڭ قەيەردە ئۆلۈشنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. قىيامەتنىـڭ قاچـان بولىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**259. عَـنْ عَبْـدِ اللَّهِ بْـنِ عُمَـرَ رَضِـيَ اللَّهُ عَنْهُمَـا قَـالَ أَخَـذَ رَسُـولُ اللَّهِ صَـلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ بِمَنْكِـبِي فَقَـالَ كُـنْ فِي الـدُّنْيَا كَأَنَّكَ غَرِيبٌ أَوْ عَابِرُ سَبِيلٍ**

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ مۈرەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ماڭا "سەن دۇنيادا بىر مۇساپىردەك ياكى يولۇچىدەك بولغىن" دېدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**260. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُما عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَوْ يَعْلَمُ النَّاسُ مَا فِي الْوَحْدَةِ مَا أَعْلَمُ مَا سَارَ رَاكِبٌ بِلَيْلٍ وَحْدَهُ**

ئابـدۇللاھ ئىبنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمانىـڭ ھەدىسـى، ئـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېـگەن: ئەگەر كىشـىلەر (سـەپەردىكى) يـالغۇزلۇق ھەققـىدە مېنىـڭ بىلـىدىغىنىمنى بىلسـە ئىـدى، ھېچبىـر يولۇچى كېچىسى يالغۇز يول ماڭمىغان بولاتتى.

261 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّه مَرَّ عَلَى صِبْيَانٍ فَسَلَّمَ عَلَيْهِمْ وقال كَانَ النَّبِيُّ عليه السلام يَفْعَلُهُ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ كىچىك بالىلارنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلغان ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم موشۇنداق قىلاتتى دېگەن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

262 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ أَكْثَرُ دُعَاءِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اللَّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ قىلىدىغان دۇئاسى: «اللَّهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ» «ئى ئاللاھ، ئى رەببىمىز بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دىن ئىبارەت ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

263 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ كُنَّا نُسَافِرُ مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَمْ يَعِبْ الصَّائِمُ عَلَى الْمُفْطِرِ وَلَا الْمُفْطِرُ عَلَى الصَّائِمِ

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپەرگە چىقىدىغان ئىدۇق. (سەپەردە) روزا تۇتقان كىشىلەر تۇتمىغان كىشلەرنى، تۇتمىغانلار تۇتقان كىشلەرنى ئەيىپلىمىگەن ئىدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

264 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ ثَلَاثٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ وَجَدَ بِهِنَّ حَلَاوَةَ الْإِيمَانِ مَنْ كَانَ اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِمَّا سِوَاهُمَا وَأَنْ يُحِبَّ الْمَرْءَ لَا يُحِبُّهُ إِلَّا لِلَّهِ وَأَنْ يَكْرَهَ أَنْ يَعُودَ فِي الْكُفْرِ بَعْدَ أَنْ أَنْقَذَهُ اللَّهُ مِنْهُ كَمَا يَكْرَهُ أَنْ يُقْذَفَ فِي النَّارِ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ خىسلەت بولۇپ، بۇ ئۈچ خىسلەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان ئادەم بۇلار ئارقىلىق ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى باشقا بارلىق نەرسىلەردىن مەھبۇب بولغان ئادەم. بىر ئادەمنى پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرگەن ئادەم. ئاللاھ كۇپرىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن كۇپرىغا يېنىپ كېتىشتىن ئوتقا تاشلىنىشتىن

يىرگەنگەندەك يىرگەنگەن ئادەم.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

265. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: مَا أَحَدٌ يَدْخُلُ الْجَنَّةَ يُحِبُّ أَنْ يَرْجِعَ إِلَى الدُّنْيَا وَلَهُ مَا عَلَى الْأَرْضِ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا الشَّهِيدُ يَتَمَنَّى أَنْ يَرْجِعَ إِلَى الدُّنْيَا فَيُقْتَلَ عَشْرَ مَرَّاتٍ لِمَا يَرَى مِنْ الْكَرَامَةِ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرىپ بولۇپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى بەرسىمۇ، شەھىدتىن باشقا دۇنياغا قايتىشنى خالايدىغان ئادەم يوق. شەھىد (جەننەتتىكى ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن) ھۆرمەتلەر سەۋەپلىك دۇنياغا قايتىپ ئون مەرتە ئۆلتۈرۈلگەن (يەنى بۇ دىن يولىدا بىر ئەمەس ئون جېنى بولغان بولسىمۇ بەرگەن) بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

266. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَقُولُ عَطَسَ رَجُلَانِ عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَشَمَّتَ أَحَدَهُمَا وَلَمْ يُشَمِّتْ الْآخَرَ فَقَالَ الرَّجُلُ يَا رَسُولَ اللَّهِ شَمَّتَّ هَذَا وَلَمْ تُشَمِّتْنِي قَالَ إِنَّ هَذَا حَمِدَ اللَّهَ وَلَمْ تَحْمَدْ اللَّهَ

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىس ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىدا ئىككى ئادەم چۈشكۈردى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرسىگە «ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن» دەپ يەنە بىرسىگە دېمىدى. ئۇ كىشى: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇ ئادەمگە يەرھەمۇكەللاھ «ئاللاھ ساڭا رەھىم قىلسۇن» دەپ ماڭا دىمىدىله؟! دېگەن ئىدى رەسۇلۇللاھ: ئۇ (چۈشكۈرۈپ) «ئەلھەمدۇلىللاھ» (ئاللاھقا شۈكرى) دېدى. ھالبۇكى سەن «ئەلھەمدۇلىللاھ» (ئاللاھقا شۈكرى) دېمىدىڭ دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**267 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ نَبِيَّ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا تَزَالُ جَهَنَّمُ تَقُولُ هَلْ مِنْ مَزِيدٍ حَتَّى يَضَعَ فِيهَا رَبُّ الْعِزَّةِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى قَدَمَهُ فَتَقُولُ قَطْ قَطْ وَعِزَّتِكَ وَيُزْوَى بَعْضُهَا إِلَى بَعْضٍ**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت كۈنى) جەھەننەم توختىماستىن (كىرىدىغانلار) "يەنە بارمۇ؟!" دەپ تۇرىدۇ. ھەتتاكى ئىززەت ئىگىسى ئاللاھ جەھەننەمگە (ئۆزىگە خاس قۇدرەت) قەدىمىنى قويىدۇ. جەھەننەم:

بولدى بولدى. ئىززىتىڭ بىلەن قەسەم دەيدۇ. جەھەننەم بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈۋېتىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**268. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَنْ صَلَّى صَلَاتَنَا وَاسْتَقْبَلَ قِبْلَتَنَا وَأَكَلَ ذَبِيحَتَنَا فَذَلِكَ الْمُسْلِمُ الَّذِي لَهُ ذِمَّةُ اللَّهِ وَذِمَّةُ رَسُولِهِ فَلَا تُخْفِرُوا اللَّهَ فِي ذِمَّتِهِ**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ نامىزىمىزنى ئوقۇپ، بىزنىڭ قىبلىمىزگە يۈز كەلتۈرۈپ، بىز بوغۇزلىغان مال (گۆشى) نى يېسە، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كاپالىتى بار بولغان مۇسۇلماندۇر. ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ كاپالىتىنى بۇزماڭلار.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**269. عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ إِنَّكُمْ لَتَعْمَلُونَ أَعْمَالًا هِيَ أَدَقُّ فِي أَعْيُنِكُمْ مِنْ الشَّعَرِ إِنْ كُنَّا لَنَعُدُّهَا عَلَى عَهْدِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ الْمُوبِقَاتِ**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق

دەيدۇ: سىلەر نەزىرىڭلاردا قىلدىنمۇ ئىنچىكە بىلىنىدىغان بەزىبىر ئىشلارنى قىلىسىلەر. بىز ئۇ ئىشلارنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە ھالاك قىلغۇچى ئىشلار قاتارىدا سانايتتۇق.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

**270 . عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: إِنَّ الْكَافِرَ إِذَا عَمِلَ حَسَنَةً أُطْعِمَ بِهَا طُعْمَةً مِنَ الدُّنْيَا وَأَمَّا الْمُؤْمِنُ فَإِنَّ اللَّهَ يَدَّخِرُ لَهُ حَسَنَاتِهِ فِي الْآخِرَةِ وَيُعْقِبُهُ رِزْقًا فِي الدُّنْيَا عَلَى طَاعَتِهِ**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىر بىر ياخشى ئىش قىلسا، ئۇنىڭغا (ياخشىلىقىنىڭ موكاپاتى قىلىپ) دۇنيادىن بىر ئوزۇق بېرىلىدۇ. مۆئمىن بولسا ئاللاھ ئۇنىڭ (ئەمىلىنىڭ) ساۋابلىرىنى ئاخىرەتكە ئېلىپ قويىدۇ. دۇنيادا قىلغان ئىتائىتىگە يارىشا رىزقىنى بېرىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**271 . عَنِ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ كَرِهَ مِنْ أَمِيرِهِ شَيْئًا فَلْيَصْبِرْ فَإِنَّهُ مَنْ خَرَجَ مِنَ السُّلْطَانِ شِبْرًا مَاتَ مِيتَةً جَاهِلِيَّةً**

ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق

دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنىڭ ئەمرىنىڭ (شەرئى باشلىقىنىڭ) بىر ئىشىدىن نارازى بولسا سەبىر قىلسۇن. سۇلتاندىن (شەرئى ھۆكىمەتنىڭ ئىتائىتىدىن ئىسيانكارلىق تەرەپكە) بىر غېرىچ چىققان ئادەم جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**272. عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ مَنْ صَوَّرَ صُورَةً فِي الدُّنْيَا كُلِّفَ أَنْ يَنْفُخَ فِيهَا الرُّوحَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَيْسَ بِنَافِخٍ**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادا بىر (جانلىقنىڭ ئائىت) سۈرەتنى سىزغان ئادەم قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇلىدۇ. ئۇ جان كىرگۈزەلمەيدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**273. عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَعَثَ مُعَاذًا إِلَى الْيَمَنِ فَقَالَ اتَّقِ دَعْوَةَ الْمَظْلُومِ فَإِنَّهَا لَيْسَ بَيْنَهَا وَبَيْنَ اللَّهِ حِجَابٌ**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇئــازنى يەمەنــگە يولغــا ســېلىپ مۇنــداق دېــگەن: زۇلۇمغــا ئۇچرىغۇچىنىـــڭ (بەد) دۇئاســـغا كېتىشـــتىن ســـاقلان. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا پەردە يوقتۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

274. عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا دَخَلَ عَلَى مَرِيضٍ يَعُودُهُ قَالَ لَهُ لَا بَأْسَ طَهُورٌ إِنْ شَاءَ اللَّهُ

ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمانىــڭ ھەدىســى، ئــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم بىــرەر كېســەل كىشــىنى يــوقلاپ كىرســە "كېــرەك يــوق. ئىنشائاللاھ ياخشى (بولۇپ كېتىدۇ)" دەيتتى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

275. عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمُتَشَبِّهِينَ مِنْ الرِّجَالِ بِالنِّسَاءِ وَالْمُتَشَبِّهَاتِ مِنْ النِّسَاءِ بِالرِّجَالِ

ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمانىــڭ ھەدىســى، ئــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم ئەرلەر ئىچىــدىن ئاياللارغــا، ئايــاللار ئىچىــدىن ئەرلەرگە ئوخشاش بولىۋالغۇچىلارغا لەنەت قىلدى.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

276 . عَـنْ عَبْـدِ اللَّهِ بْـنِ عَمْـرٍو رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ أَنَّ رَجُـلًا سَـأَلَ النَّـبِيَّ صَـلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ أَيُّ الْإِسْـلَامِ خَـيْرٌ؟ قَـالَ تُطْعِـمُ الطَّعَامَ وَتَقْرَأُ السَّلَامَ عَلَى مَنْ عَرَفْتَ وَمَنْ لَمْ تَعْرِفْ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئىسلامدىكى قايسى (ئەمەل) ياخشى؟ دەپ سورىغان ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "(باشقىلارغا) تاماق بەر. (مۇسۇلمانلارغا) تونىساڭ تونىمىساڭ سالام قىل" ــ دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

277 . عَنْ عَبْدِ اللَّه بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَوْضِي مَسِيرَةُ شَهْرٍ مَاؤُهُ أَبْيَضُ مِنْ اللَّبَنِ وَرِيحُهُ أَطْيَبُ مِنْ الْمِسْكِ وَكِيزَانُهُ كَنُجُومِ السَّمَاءِ مَنْ شَرِبَ مِنْهَا فَلَا يَظْمَأُ أَبَدًا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت كۈنى مەھشەر مەيدانىدىكى ماڭا بېرىلىدىغان) كۆل (نىڭ ئايلانمىسى) بىر ئايلىق مۇساپىدۇر. ئۇنىڭ سۈيى سۈتتىن ئاق. پۇرىقى ئىپاردىنمۇ خۇشپۇراق. (سۇ ئىچىدىغان) كوزىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك (كۆپ). ئۇ سۇدىن ئىچكەن ئادەم مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

278 . عَـنْ عَبْـدِ اللَّهِ بْـنِ عَمْـرٍو رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ عَـنِ

النَّبِيِّ عَلَيْهِ السلام قَالَ مَنْ قَتَلَ مُعَاهَدًا لَمْ يَرِحْ رَائِحَةَ الْجَنَّةِ وَإِنَّ رِيحَهَا تُوجَدُ مِنْ مَسِيرَةِ أَرْبَعِينَ عَامًا

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئاھىدنى (شەرئى ھۆكىمەتنىڭ رۇخستى بىلەن ئىسلام دىيارىدا ياشاۋاتقان كاپىرنى) ئۆلتۈرگەن ئادەم جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى جەننەتنىڭ پۇرىقى قىرىق يىللىق يىراقلىقتىن بىلىنىدۇ.

بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

279 . عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ قَدْ أَفْلَحَ مَنْ أَسْلَمَ وَرُزِقَ كَفَافًا وَقَنَّعَهُ اللَّهُ بِمَا آتَاهُ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان بولغان، رىزقى ئۇدۇللۇق بولغان، ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە ئاللاھ قانائەت ئاتا قىلغان ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشتى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

280 . عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُوَ يَخْطُبُ إِذَا جَاءَ أَحَدُكُمْ وَالْإِمَامُ يَخْطُبُ أَوْ قَدْ خَرَجَ فَلْيُصَلِّ رَكْعَتَيْنِ

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقان ياكى مۇنبەرگە چىققان ۋاقىتتا كەلگەن بولسا (ئولتۇرماستىن) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**281. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ نَهَى رَسُولُ اللَّهِ عَلَيْهِ السلام أَنْ يُجَصَّصَ الْقَبْرُ وَأَنْ يُقْعَدَ عَلَيْهِ وَأَنْ يُبْنَى عَلَيْهِ**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىگە گەج ئىشلىتىشتىن، قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن، قەبرە ئۈستىگە (گۈمبەز، خانىقا، تام ياكى ئۆي دېگەندەك) بىر نەرسە سېلىشتىن نەھي قىلدى.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**282. عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَدْعُوا عَلَى أَنْفُسِكُمْ وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَوْلَادِكُمْ وَلَا تَدْعُوا عَلَى أَمْوَالِكُمْ لَا تُوَافِقُوا مِنَ اللَّهِ سَاعَةً يُسْأَلُ فِيهَا عَطَاءٌ فَيَسْتَجِيبُ لَكُمْ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئۆزۈڭلارغا بەد دۇئا قىلماڭلار. باللىرىڭلارغا بەد دۇئا قىلماڭلار. ماللىرىڭلارغا بەد دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھتىن تىلىگەن نەرسىنى بېرىلىدىغان بىر (ۋاقىت بار، شۇ) ۋاقىتقا ئۇدۇل كېلىپ قالساڭلار، دۇئايىڭلار ئىجابەت بولۇپ قالىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**283 . عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَبْلَ مَوْتِهِ بِثَلَاثَةِ أَيَّامٍ يَقُولُ لَا يَمُوتَنَّ أَحَدُكُمْ إِلَّا وَهُوَ يُحْسِنُ الظَّنَّ بِاللَّهِ**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: ھەر قانداق ئادەم ئاللاھ تائالانى ياخشى گۇمان قىلغان ھالدا ئۆلسۇن. (ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلىدۇ، رەھمىتىگە ئالىدۇ ھەمدە جەننىتىگە كىرگۈزىدۇ دەپ ئۇمۇدۋار ھالدا جان تەسلىم قىلسۇن.)

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**284 . عَنْ جَابِرٍ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا قَالَ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ الشَّيْطَانَ قَدْ أَيِسَ أَنْ يَعْبُدَهُ الْمُصَلُّونَ فِي جَزِيرَةِ الْعَرَبِ وَلَكِنْ فِي التَّحْرِيشِ بَيْنَهُمْ**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى: رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى نامازخانلارنىڭ ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشىدىن ئۈمۈدىنى ئاللىقاچان ئۈزدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسدا قۇتراتقۇلۇق قىلىشتا (پىتنە ـ پاسات تېرىش، ئارىنى بۇزۇشتا ئۈمۈدىنى ئۈزمىدى.)

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**285. عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبي صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اشْفَعُوا تُؤْجَرُوا وَيَقْضِي اللَّهُ عَلَى لِسَانِ نَبِيِّهِ مَا شَاءَ**

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئارىچى بولۇڭلار، ساۋاپ ئالىسىلەر[7]. ئاللاھ ئۆزپەيغەمبىرىنىڭ تىلى ئارقىلىق ئۆزى خالىغان ھۆكۈمنى قىلىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**286. عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَثَلُ الْجَلِيسِ الصَّالِحِ وَالسَّوْءِ كَحَامِلِ الْمِسْكِ وَنَافِخِ الْكِيرِ فَحَامِلُ الْمِسْكِ إِمَّا أَنْ يُحْذِيَكَ وَإِمَّا أَنْ تَبْتَاعَ مِنْهُ وَإِمَّا أَنْ تَجِدَ مِنْهُ رِيحًا طَيِّبَةً وَنَافِخُ الْكِيرِ إِمَّا أَنْ يُحْرِقَ ثِيَابَكَ وَإِمَّا أَنْ تَجِدَ رِيحًا خَبِيثَةً**

---

[7]. يەنى سۆزىنى تېپىپ قىلالمايدىغان تارتىنچاقلىق ياكى قورقۇنچاقلىق سەۋەپلىك ئۆزىگە تېگىشلىك ھەقنى جايىدا ئالالمايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئارىغا كىرىپ ياردەم بېرىڭلار.

ئەبــى مۇســا رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنـــڭ ھەدىســى: رەســۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنـداق دېـگەن: ياخشـى سـەبداش بىلەن يامان سەبداشنىڭ مىسالى ئىپار كۆتىرىۋالغان كىشى بىـلەن (تۆمۈرچىلىك كەسپىدىكى) كۆيۈك باسـقۇچىغا ئوخشـايدۇ. ئىپـار كۆتىرىۋالغان كىشى سىزگە يا بېرىۋېتىشى ياكى سېتىۋېلىشىڭىز ۋە ياكى خۇشپۇرىقىنى پۇرىۋېلىشىڭىز مۇمكىن. كۆيـۈك باسـقۇچى يـا سىزنىڭ كىيمىڭىزنى كۆيـدۈرۈپ قويىشـى يـاكى ئۇنـىڭ سېسـىق پۇرىقىغا دۇچ كېلىشىڭىز مۇمكىن.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

287. عَـنْ أَبِي مُـوسَى رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ قَـالَ سَمِعَ النَّـبِيُّ صَـلَّى اللَّهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ رَجُـلًا يُثْـنِي عَـلَى رَجُـلٍ وَيُطْرِيـهِ فِي الْمِدْحَـةِ فَقَـالَ أَهْلَكْتُمْ أَوْ قَطَعْتُمْ ظَهْرَ الرَّجُلِ

ئەبــى مۇســا رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇنـــڭ ھەدىســى، رەســۇلۇللاھ ســەللەللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم بىــر ئادەمنىـــڭ يەنە بىــر ئـادەمگە ئـاپىرىن ئوقـۇپ كۆپتـۈرۈپ ماختاۋاتقـانلىقىنى ئـاڭلاپ: ئــۇ كىشـــىنى تۇگەشـــتۈردىڭلار دېـــدى، يـــاكى بـــۇ ئادەمنىـــڭ ئۇمۇرتقىسىنى ئۈزىۋەتتىڭلار دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

288. عَـــنْ أَبِي مُـــوسَى الْأَشْـعَرِيِّ رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ

قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَلا أَدُلُّك عَلَى كَنْزٍ مِنْ كُنُوزِ الْجَنَّةِ لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: جەننەتنىڭ كانلىرىدىن بىر كاننى ساڭا كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ (ئۇ) "لَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ" «ھەر قانداق كۈچ قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەندۇر» (كەلىمىسى) دۇر.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

289. عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ أَحَبَّ لِقَاءَ اللَّهِ أَحَبَّ اللَّهُ لِقَاءَهُ وَمَنْ كَرِهَ لِقَاءَ اللَّهِ كَرِهَ اللَّهُ لِقَاءَهُ

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: "بىر ئادەم (ياخشى ئەمەل قىلىپ، ئاندىن ئەمدى ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارسام ئەجرىنى ئالىمەن دەپ ئويلاپ) ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇ ئادەمگە ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر ئادەم (قىلغان قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىدىن، يامانلىقىنىڭ ھېسابىنى بېرىشتىن قورقۇپ) ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇ ئادەم بىلەن

ئۇچرىششىنى يامان كۆرىدۇ.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**290. عَنْ أَبِي بَكْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا تَوَاجَهَ الْمُسْلِمَانِ بِسَيْفَيْهِمَا فَالْقَاتِلُ وَالْمَقْتُولُ فِي النَّارِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللَّهِ هَذَا الْقَاتِلُ فَمَا بَالُ الْمَقْتُولِ قَالَ إِنَّهُ أَرَادَ قَتْلَ صَاحِبِهِ**

ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: ئىككى مۇسۇلمان قىلىچلىرىنى كۆتىرىپ چىقىپ ئۇچراشسا، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ھەر ئىككىسى دوزاختىدۇر ـ دېدى. بىر ئادەم: بۇ بىرىغۇ قاتىل، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ھالى نىمە؟ (نىمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن تۇرۇپ دوزاخقا كىرىدۇ؟) دېۋىدى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ ئادەممۇ قارشى تەرەپنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ـ دە، دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**291. عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بن مسعود رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَأَلْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَيُّ الْعَمَلِ أَحَبُّ إِلَى اللَّهِ قَالَ الصَّلَاةُ عَلَى وَقْتِهَا قلت ثُمَّ أَيٌّ قَالَ بِرُّ الْوَالِدَيْنِ قلت ثُمَّ أَيٌّ قَالَ الْجِهَادُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ

ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەل قايسى؟ دەپ سورىدۇم. "ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز" دېدى. مەن: ئاندىن قايسى؟ دەپ سورىدۇم. رەسۇلۇللاھ: ئاتا ئانىسىغا ۋاپادار بولۇش دېدى. مەن: ئاندىن قايسى؟ دەپ سورىدۇم. رەسۇلۇللاھ: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش دېدى.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**292. عَنْ عَرْفَجَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّهُ سَتَكُونُ هَنَاتٌ وَهَنَاتٌ فَمَنْ أَرَادَ أَنْ يُفَرِّقَ أَمْرَ هَذِهِ الْأُمَّةِ وَهِيَ جَمِيعٌ فَاضْرِبُوهُ بِالسَّيْفِ كَائِنًا مَنْ كَانَ**

ئەرفەجە ئىبنى شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: يېقىن زاماندا پىتنە، بىدئەتلەر (پەيدا) بولىدۇ. بىرلىك ھالىتىدىكى ئۇممەتنى بۆلمەكچى بولغان ئادەمنى مەيلى كىم بولسا بولسۇن قىلىچ بىلەن چېپىڭلار.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

**293. عَنْ أَبِي سَعِيدٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَسُبُّوا أَصْحَابِي فَلَو أَنَّ أَحَدَكُمْ أَنْفَقَ مِثْلَ**

**أُحُدٍ ذَهَبًا مَا أَدْرَكَ مُدَّ أَحَدِهِمْ وَلَا نَصِيفَهُ**

ئەبى سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئوھۇد تېغىدەك ئالتۇن خەجلەپمۇ ئۇلار خەجلىگەن بىر مۇد ياكى ئۇنىڭ يېرىمى (نى خەجلىگىنىنىڭ ساۋابى) غا يېتەلمەيدۇ.[8]

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

**294. عَنْ النُّعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ أَهْوَنَ أَهْلِ النَّارِ عَذَابًا مَنْ لَهُ نَعْلَانِ وَشِرَاكَانِ مِنْ نَارٍ يَغْلِي مِنْهُمَا دِمَاغُهُ كَمَا يَغْلِي الْمِرْجَلُ والقُمْقُمُ**

نوئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەڭ يېنىك ئازاپلىنىدىغىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئۇزەڭگىلىكىدە (پۇت ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسى) ئىككى چوغ بولىدىغان، چوغدىن مېڭىسى خۇددى قازان ياكى داڭقان قاينىغاندەك قاينايدىغان ئادەمدۇر.

8. بىر خىل كەمچەن بولۇپ بىر يۇرتىنىڭ يەنە بىر يۇرتتىن، بىر خىل ئاشلىقنىڭ يەنە بىر خىل ئاشلىقتىن پەرىقلىق بولغاچقا ھەر قايسى مەزھەپتىكى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىجتىھادى ھەم بىر بىرىگە ئوخشىمايدۇ. خۇلاسىلىگەندە مۇد **506** گىرامدىن بىر كىلو **70** گىرام ئارلىقىدىكى ئېغىرلىق بىرلىكىدۇر. ئەسلى سۆز مەنيەسى " بىر چاڭگال " مەنىسىدە " ت.

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

295 . عَنْ أَبِي أَيُّوبَ الْأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يَحِلُّ لِرَجُلٍ أَنْ يَهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلَاثِ لَيَالٍ يَلْتَقِيَانِ فَيُعْرِضُ هَذَا وَيُعْرِضُ هَذَا وَخَيْرُهُمَا الَّذِي يَبْدَأُ بِالسَّلَامِ

ئەبى ئەييۇب ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئادەمنىڭ قېرىندىشى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئىككىلىسى بىر بىرىدىن يۈز ئۆرىگەن ھالدا ئۇچ كۈندىن ئارتۇق تەرك قىلىشى ھالال ئەمەس . ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ياخشىسى ئاۋۋال سالام قىلغىنىدۇر .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس

296 . عَنْ عُمَرَ بْنِ أَبِي سَلَمَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قال لِي رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا غُلَامُ سَمِّ اللَّهَ وَكُلْ بِيَمِينِكَ وَكُلْ مِمَّا يَلِيكَ

ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: ئى ئوغۇل ، (تاماق يېگەندە) بىسمىللاھ دەپ ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن . ئالدى تەرىپىڭدىن يېگىن ـ دېدى .

بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس .

297 . عَـنْ الْمُغِـيرَةِ رَضِـيَ اللَّهُ عَنْـهُ قـال قـال رَسُـولُ

اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ كَذِبًا عَلَيَّ لَيْسَ كَكَذِبٍ عَلَى أَحَدٍ فَمَنْ كَذَبَ عَلَيَّ مُتَعَمِّدًا فَلْيَتَبَوَّأْ مَقْعَدَهُ مِنَ النَّارِ

مۇغىيره رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىدى: مىنىڭ ئۈستۈمدىن يالغان ئىيتىش باشقا بىر كىشى ئۈستىدىن يالغان ئىيتقانغا ئوخشىمايدۇ. مىنىڭ ئۈستۈمدىن قەستەن يالغان ئىيتقان ئادەم ئۆز ئورنىنى دوزاختىن تىيپۋالسۇن.

بىرلىككە كىلىنگەن ھەدىس.

298 . عَنِ النَّوَّاسِ بْنِ سِمْعَانَ الْأَنْصَارِيِّ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ قَالَ قال النبي عليه السلام الْبِرُّ حُسْنُ الْخُلُقِ وَالْإِثْمُ مَا حَاكَ فِي صَدْرِكَ وَكَرِهْتَ أَنْ يَطَّلِعَ عَلَيْهِ النَّاسُ

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر. گۇناھ دىگەن كۆڭلىڭدە ئىككىلىنىش پەيدا قىلغان، سەن باشقىلارنىڭ بايقاپ قىلىشىنى خالىمىغان نەرسىدۇر.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

299 . عَنِ النَّوَّاسِ بْنِ سَمْعَانَ الْكِلَابِيِّ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ

قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُؤْتَى بِالْقُرْآنِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَأَهْلِهِ الَّذِينَ كَانُوا يَعْمَلُونَ بِهِ تَقْدُمُهُ سُورَةُ الْبَقَرَةِ وَآلُ عِمْرَانَ

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: قىيامەت كۈنى قۇرئاننى ۋە قۇرئانغا ئەمەل قىلغان قۇرئان ئەھلىنى سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمران باشچىلىقىدا (مەھشەر مەيدانىغا) كەلتۈرۈلىدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

300. عَنْ مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْعِبَادَةُ فِي الْهَرْجِ كَهِجْرَةٍ إِلَيَّ

مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: پىتنە دەۋرىدە قىلىنغان ئىبادەت (ئەجىر جەھەتتە) مەن تەرەپكە ھىجرەت قىلغانغا ئوخشايدۇ.

مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

تمت بحمد الله

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن:«مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار...»

(بۇخارى ،تىرمىزى ،ئىمام ئەھمەد)